# XYOUTH

新疆青年

ياشىساڭ شۇنداق ياشا

**7**

**1998**



«ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ»

ئېتىكا ۋە ئەجداتلار
ئېتىكىسىنىڭ جەۋھىرى

ئىسىل مىللىي مىراسلىرىمىز
- غاز ئويۇنى

# شىنجاڭ ياشلىرى

ISSN 1002-9109

ئۈرۈمچى چالغۇ ئەسۋاپلرى سانائەت-سودا شركتى ھەر
مللەت خەلقى ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلك مۇلازمەت قلدۇ












ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈم تېلېفونى: (0991) 2817217
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئازادلىق يولى 245-نومۇر

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

1998

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: مامىك
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى چيوەن




يېزا قىزى
تۇردى هاشىم سۈرىتى

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| ياشساق· شۇنداق ياشا | | ئەھەت ئىلاخۇن، ئەكبەر مۇھەممەت | 1 |
| پەزىلەتلىك ئادەملەرلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلالايدۇ | | ئەھەت هاشىم | 5 |
| كېلىن ۋە كۈيئوغۇللارنىڭ قېيناتا، قېينانىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى بولامدۇ | | | 9 |
| «ئۆزۈك - ئۆزۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ» | | دىلمۇرات مەھمۇد | 11 |
| ماركس ئىقتىسادىي نەزەرىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدىكى يېتەكچىلىك رولى ھەققىدە | | غىياسىدىن ئىسرائىل | 15 |
| ئاتاقلىق رەسسامنىڭ مائارىپقا قىلغان ياردىمى | | مەمتىمىن بارى | 19 |
| دۇنيا ئىختىساسلىقلار رىقابىتى — قان تۆكۈلمەيدىغان ئۇرۇش | | | 23 |
| كىتاب ئوقۇغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر | | ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر | 27 |
| كىچىك پلانېتلار — يەر شارىنىڭ ئاپەت مەنبەسى | | | 33 |
| ئېسىل مىللىي مىراسلىرىمىز - غاز ئويۇنى | | ئابدۇرېشىت ئوسمان | 35 |
| ئۆسمۈرلەرنى كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك | | ئابدۇسالام ئابدۇسىم | 41 |
| ئېتىكا ۋە ئەجدادلار ئېتىكىسىنىڭ جەۋھىرى | | غەيرەتجان ئوسمان | 43 |
| مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشتە قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇڭ | | تۇرغۇن ئازى، زەينۇرە ئابلىز | 47 |
| ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېما دائىرىسىنى يەنمۇ كېڭەيتەيلى | | ھەسەنجان ياسىن | 53 |
| غەلىتە «گۇناھ» | (ھېكايە) | مەھەممەترېھىم تۇرسۇن | 57 |
| ... غا | (شېئىر) | باتۇر روزى | 60 |
| ۋاپاسىزغا | (شېئىر) | ئابدۇرېھىم مەنسۇرى | 61 |


سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم، ياردەمچىلەر: ئىسمايىل ئىبراھىم، ئەسقەر داۋۇت)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

كۆڭۈلدىكى تىل جاراھىتى ساقايمايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

**- ئەلىشىر نەۋائىي**

تىلىڭنى ساقلا، سۆزنى ئاز قىل، تىلىڭنى ساقلىيالىساڭ، ئۆزۈڭ ساقلىنىسەن.

**- ئەھمەد يۈكنەكى**

كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل. ئۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سۆز، بۇنى بىل.

**- ئەلىشىر نەۋائىي**

راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر، راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە.

**- ئەھمەد يۈكنەكى**

خۇشاللىق ۋە خاپىلىقنى كۆرگەنلا كىشىگە ئاشكارا قىلىشتىن پەرھىز قىل. خۇشاللىقىڭغا خۇشال، خاپىلىقىڭغا خاپا بولىدىغان مۇڭداش تېپىپ، ئاندىن ئېيتقىن.

**- مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى**

تىلنىڭ كۆپ پايدىسى بار، شۇنداقلا ئۇنىڭ زىيىنىمۇ نۇرغۇن، بەزىدە تىل ماختايدۇ. بەزىدە مىڭ تۈرلۈك سۆكىدۇ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سۆزنى بىلىپ سۆزلە، سۆزۈڭ كۆرۈمسىز قارىغۇغا كۆز بولسۇن.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

كىمكى مەنىسى يوق سۆزنى كۆپ سۆزلىسە، بۇ ھال ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**- مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى**

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ئىككى نەرسە بىر ئادەمدە جەم بولسا، ئۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولى ئېتىلىدۇ؛ بىرى كېرەكسىز سۆزلەرنى بىلجىرلىسا، ئىككىنچىسى، يالغان سۆزلىسە.

**- ئەھمەد يۈكنەكى**

ئۆزۈڭدىن مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىنى كۆرسەڭ، ئەدەب - قائىدىلىك بولۇشۇڭ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تەۋەززۇ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. كەمتەرلىك بارچە كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى پەزىلەت. بولۇپمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ كەمتەر بولۇشى ھەممىدىن ئەلادۇر.

**- ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى**

راست سۆز مۆتىۋەر، ياخشى سۆز مۇختەسەر، راست سۆز گەرچە تەپەككۇرسىز ئېيتىلسىمۇ، قايىل قىلىش كۈچى بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن تەئەججۇپلەنمەيدۇ.

**- ئەلىشىر نەۋائىي**

بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ. كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ. بىلىمسىزلەر نېمە دېسە ئۇقماستىن سۆزلەۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ. تولا سۆزنىڭ مەنىسى يوق، سەن ئۇنى ئېيتما، ئېيتىقسىز سۆزلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما. (08)

**مۇھەممەت ئىمىن خىرقىتى**

**(«مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى» ناملىق كىتابتىن خىلىل تەييارلىدى)**



ئىستەكلىرى توغرىسىدا بىرمۇبىر پىكىر يۈرگۈزۈپ، بازارنى ئاشلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تولۇق تەمىنلەش، يېزا- بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

توختىئەلى بازاردىكى دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەشتە بازارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ يېڭى تۈرلەرنى كېڭەيتتى. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 1- سېپىگە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى سالمىقىنى ئاشۇردى.

ئىلگىرى بۇ بازاردىكى يېزا ئىگىلىك، پەن - تېخنىكا تارماقلىرى پالەچ ياكى يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ، ياش كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن بىر خادىمنى ئاجرىتىپ، بازاردىكى 4 كەنتنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋەزىپە ئېتىزى، تەجرىبە ئېتىزى ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر يىلى پەن- تېخنىكا ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، 5 يىل ئىچىدە 2300 دېھقاننى بىردىن- ئىككىگىچە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان، پەن-

## ياشنىڭ شۇنداق ياشا

ئەھەت ئىبلاخۇن، ئەكبەر مۇھەممەت

1993- يىلى ئەمدىلا 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان توختىئەلى جېلىليۈزى بازىرىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە جاۋابكار بولۇشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇن ياشلىق ھاياتى كۈنسېرى جۇلالىنىشقا باشلىدى.

### سانلىق مەلۇماتلاردىن ئۆزگىرىشكە نەزەر

توختىئەلى بازار باشلىقى بولغاندىن كېيىن، بازار ئىگىلىكىنى ياخشىلاشقا بەل باغلىدى. ئۇ بازارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دېھقانلارنى قانداق قىلغاندا تېزدىن ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش بويىچە كەنت، گۇرۇپپىلار ئارا مۇھاكىمە قانات يايدۇردى. ئائىلىمۇ ئائىلە بېرىپ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئىگىلىدى. ياشلارنىڭ باي بولۇشقا يۈرۈش قىلىش جەھەتتىكى سادالىرىنى ئاڭلىدى. ئاممىنىڭ ئارزۇ

ئېخنىكا بىلىملىرىدىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە قىلدى.

توختىئەلى ھەر بىر ئىشتا كادىرلارنىڭ ئاممىغا باشلامچى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى ۋە ئالدى بىلەن ئۆزى باشلامچى بولدى. ئۇ بازار مەسئۇللىرى ئۈستىگە ئالغان پەن- تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزلىرى 300 مودىن تۆۋەن بولماسلىق شەرتى ئاستىدا بەرنى ھۆددىگە بەردى ھەم ئۆزى دېھقانلارنىڭ 700مو ئېتىزىغا تېخنىكىلىق جەھەتتىن مەسئۇل بولدى. توختىئەلى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدىكى مەھسۇلاتى 400 كىلوگرامغا يېتىپ، ھەر بىر دېھقان ئۇچۇن مۇشۇ تۇردىنلا 1 مو بەردىن 160 ـ 200 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ بەردى.

توختىئەلى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قارىتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بىر سەكرەپلا ئىلگىرىكى 246 كىلوگرامدىن 350 كىلوگرامغا، قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 405 كىلوگرامدىن 600 كىلوگرامغا يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىن قىلغان كىرىمى 5 مىليون 158 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**تەبىئي ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش**

جىلىليۈزى بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان تاغ قاپتاللىرى بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرغان گۆھەر زېمىن ئىدى. بۇ گۆھەر زېمىن بازار باشلىقى توختىئەلىنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئۇ كۆزىنى بازار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئېدىرلىققا تىكتى.

توختىئەلى بازاردىكى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارنىڭ ئىلگىرى توپلىغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، سۇلۇق يەرلەردىكى باغلارنى يېڭىلاش بىلەن بىللە، تاغ قاپتىلىدا يېڭىدىن باغ بەرپا قىلىشقا كىرىشتى. يېڭىدىن 1300 مو يەر ئېچىپ 600 مو باغ بەرپا قىلدى. دېھقانلار يېڭى بەرپا قىلىنغان بۇغداي ۋە بېدىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ قوش كىرىم قىلدى. نەتىجىدە، ئۈزۈندىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان بۇ ئېدىرلىقلارغا بىردىنلا جان كىردى. بازارنىڭ ئومۇمىي بېغى 1810 موغا، باغۋەنچىلىكتىن قىلغان كىرىمى 434 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلىدى.

**بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر رەھبەر**

توختىئەلى بازارنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىك خىزمەتلىرىگە ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بازارنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قادىر ئىدى.

ئۇ كۆمۈر كاننىڭ بازار مالىيىسىنى ياخشىلاشتىكى بىردىنبىر ئاساسلىق كۈچ ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئۇزۇندىن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان كۆمۈر كاننى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئۇچۇن كاننى ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن پىكىرلىشىپ، كۆمۈر كاننى ئىلگىرىكى يىلىغا 90 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئەمەس، بەلكى يىلىغا 380 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ھۆددىگە بېرىپ، پەقەت مۇشۇنىڭدىن بازارغا يىلىغا 290 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىشنى قولغا كەلتۈردى.

توختىئەلى ئاممىدىن كەلگەن ئەرزنى بازار مەسئۇللىرى ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، 5 يىل ئىچىدە ئەرز قىلىپ كەلگەن 500 ئادەم (قېتىم)ئاممىنى قوبۇل قىلىپ ئەرزنىڭ ھەل بولۇش نىسبىتىنى%90كە يەتكۈزدى. جىلىليۈزى بازىرى ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ ئەرزىيەت خىزمىتىدە ئىلى ئوبلاستى ۋە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن، خەلق ئىشلىرى،مالىيە باشقۇرۇش، دېھقانچىلىق باج خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت، ئەدلىيە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش ۋە قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئۇدا ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ كەلدى. (08)

# سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا

دېڭ شياۋپىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دەرۋەقە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ھەر جەھەتتىن ئەۋزەل، ئىلغار تۈزۈم. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمدىكىدىنمۇ زور دەرىجىدە ئازاد قىلالايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرالايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقىنىغا نەچچە يۈز يىل بولدى، بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقىنىمىزغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزمۇ ئىشنى 20 يىل ئاقساتتۇق. ئەگەر جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 100 يىل ۋاقىت ئىچىدە دۆلىتىمىزنى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالىساق، قالتىس ئىش قىلغان بولىمىز!»

ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇندالغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، دوگماتىزم ۋە «سول» ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى، چەت ئەلنىڭ ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش تۈپەيلى ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شەكىللىنىپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويدى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتتى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى تۈزۈلمە ئۈستىدە دادىل ئىزدەندى ۋە ئۇنى ئورناتتى. شۇنداق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. ئەمەلىيەتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇندالغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشتى. بىراق، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يەنە ئۇزاق جەريان كېرەك. بۇنى پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. خەلقنىڭ بىراقلا بېيىشى مۇمكىن ئەمەس، ھامان ئىلگىرى - كېيىنلىك، تېز - ئاستىلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېلىمىزدە بىر قىسىم رايونلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا يول قويۇلدى، دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇشۇ تەرەققىي تاپقان رايونلار ۋە ئاۋۋال بېيىغان كىشىلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ نامرات ياكى تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردىكى كىشىلەرنى قوللاش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش، ئاخىرىدا خەلقنى ئورتاق بېيىتىش. بۇنداق ئۇسۇلدا ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە ئىشلىگەندە، بىز چوقۇم كاپىتالىزم شارائىتىدىكى بايلار تېخىمۇ بېيىپ كېتىدىغان، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش ئەھۋالىدىن ساقلىنىپ، خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. (04)

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3000 كىشىلىك يىغىن چاقىرىپ ئىنساق سۇ ئېلېكتىر ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كېتىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئەما كىشىنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلغان زەمىن يېزا 5 - كەنت 3 - مەھەللىدىكى 17 ياشلىق ئابدۇرېھىمجان مەمەتكە «ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ياخشى ياش» دەپ نام بەردى ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ئاممىسىنى ئابدۇرېھىمجان مەمەتنىڭ خەتەرلىك پەيتتە پىداكارلىق كۆرسىتىپ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارچۇقىدەك ئاسراشتەك ياخشى خىسلەتنى ئۆگىنىش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقاردى. (04)

(ئابدۇغېنى ئابدۇراخمان خەۋىرى)

تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان كەڭ ياشلار ئارىسىدا 15 - قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇردى. يېقىندا يەنە 15 - قۇرۇلتاي بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىغە يېزىغا قاراشلىق 20 ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىن ئاللىدىن تاللانغان 8 ياچېيكىدىكى 24 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى قاتناشتى. مۇسابىقە قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى. مۇسابىقە ئاخىرىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن 3 ئىلغار كوللېكتىپ، 6 ئىلغار شەخسى مۇكاپاتلاندى. (04)

(ئابدۇغېنى غوپۇر خەۋىرى)

گۇما ناھىيە تاشيول ئاسراش ئۇچاستكا ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

بۇ ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى داۋبەن ئىتتىپاق گۇرۇپپىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئىلگىر - كېيىن بولۇپ 4 قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 1200 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئۇچاستكا بويىچە 3 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، 10 نەپەر ياش ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى. ئىتتىپاق ياچېيكىسى بويىچە يەنە «10 مەشھۇر ياش» نى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىلدى. ئۇچاستكا ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن يېقىندا «مەدەنىيەتلىك ياشلار كوللېكتىپى» بولۇپ تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى. (04)

(ئابدۇكېرىم قۇربان خەۋىرى)

مارالبېشى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ ئىدارىسى بىرلىكتە، ناھىيە بازىرىدا تاماكا تاشلاش توغرىسىدا تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى. پائالىيەت جەريانىدا ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى 11 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئىتتىپاق، پىئونېرلار تەشكىلاتلىرى تەشكىللىك ھالدا كوچىلارغا چىقىپ، تاماكا چېكىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پلاكات، لوزۇنكىلارنى ئېسىش بىلەن بىر چاغدا 3500 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋەرىقى تارقاتتى. ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە كىچىك رادىئو پونكىتىدىن پايدىلىنىپ كۆپ قېتىم تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. (04)

(ئەركىن ئاۋۇت خەۋىرى)



# پەزىلەتلىك ئادەملەرلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلالايدۇ

★ ئەخەت ھاشىم ★

ئالىملار ھەققىدە يېزىلغان بىر كىتابتىن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئوقىغىنىم زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

شۋېتسىيىلىك يىگىت ئاررېنىئۇس 1881 - يىلى ئۇپسالا داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ماقالە يېزىشقا كىرىشكەن ۋە خىمىيە ئېنېرگىيىسىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرىدىغان باتارېيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. جاپالىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق: «ھەر خىل ئېرىتمىلەر قانچىكى سۇيۇق بولسا، توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى شۇنچە ياخشى بولىدۇ، لېكىن سۇيۇق ئېرىتمىلەرنىڭ توك ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئامىل سۇدا» دېگەن يەكۈننى چىقارغان ۋە بۇ ھەقتە يازغان 2 پارچە ماقالىسى 1884 - يىلى شۋېتسىيە «خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ئەسەرلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. خۇشال بولۇپ كەتكەن ئاررېنىئۇس بۇ ماقالىلەرنى ئۇنۋان ئېلىش ئىلمىي ماقالىسى سۈپىتىدە ئۆزى ئوقۇغان داشۆگە سۇنۇپ، ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇ: «داشۆدىكى ئۇستازلىرىم مېنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، بۇ ئەمگىكىمگە چوقۇم ياخشى باھا بېرىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىغان. كىم بىلسۇن، ئويلىمىغان يەردىن دىسسېرتاتسىيە ئوقۇش يىغىنى ئىلمىي كومىتېتىدىكى يېشقەدەم ئۇستازى پروفېسسور كلايۋ ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ بولماي تۇرۇپلا مەسخىرە قىلىپ: «قالتىس نەزەرىيە ئىكەنغۇ بۇ!» دېگەن ۋە ئاخىرىدا: «تامامەن خام خىيال! مەن زادىلا تەساۋۋۇر قىلالمىدىم. كالىي خلورىد قانداقمۇ سۇدا ئىئون بولۇپ پارچىلانسۇن، كالىينىڭ ئېرىتمىدە يالغۇز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ بىر جۆيلۈش» دەپ ھۆكۈم قىلغان. لېكىن ئۇستازى كلايۋ ۋە باشقىلارنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئاررېنىئۇسنىڭ ئىشەنچىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىگەن. ئۇ ئۆز تەجرىبىسىنىڭ قىياس ئەمەس، بەلكى مىڭ قېتىملاپ ئۆلچەش، سىناق قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ھەقىقەت

ئىككەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەن. شۇڭا ئۇ ئۆز تەتقىقاتىنى ئېخىمۇ قىزغىن داۋام قىلدۇرۇۋەرگەن. بىر نەچچە يىللىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 1887- يىلى ئېلېكترولىتنىڭ سۇدا قىسمەن ئاجرىلىپ تامامەن ئەركىن ئىئونغا ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى «ئاررېنىئۇس نەزەرىيىسى»نى ياراتقان. بۇ، فىزىكا نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ خىمىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ئىدى.

1903 - يىلى 11 -ئايدا ئاررېنىئۇسقا خىمىيە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە خىزمىتىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن نوبېل خىمىيە مۇكاپاتى بېرىلگەن. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە نوبېل مۇكاپاتى فىزىكا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. بۇ چاغدا ئۇستازلىرى، بولۇپمۇ پروفېسسور كلايىف ئۆزىنىڭ ئىلگىرى خاتا قاراشتا بولغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن سەممىيلىك بىلەن ئەپۇ سورىغان ۋە بىر قېتىملىق نۇتقىدا ئاررېنىئۇسنى «شۋېتسىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ئالىمى» دەپ ئاتىغان ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاررېنىئۇسنىڭ قىزغىن ھىمايىچىسى، قوللىغۇچىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يەنە ئاررېنىئۇسنى شۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىكە سايلاشنى تەكلىپ قىلغان. كلايىف قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن ئاررېنىئۇس 1905 - يىلدىن باشلاپ ستوكھولم نوبېل فىزىكىلىق خىمىيە تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مۇدىرى ۋە ستوكھولم داشۆسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالغان، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن ۋە كلايىف قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن...

خوش، بىزدە پروفېسسور كلايىفقا ئوخشاش ھېچقانداق شەخسىي ئوي - غەرەزلەردە بولماي، خاتا قىلغانلىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىپ شاگىرتىنىڭ غەلىبىسىگە قىزغىن تەنتەنە قىلالايدىغان ھەم ئۆزىدىن سالاھىيەت جەھەتتىمۇ، ياش جەھەتتىمۇ تۆۋەن كىشىلەردىن ئاشكارا ئەپۇ سورىيالايدىغان مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك ئادەملەردىن نەچچىسى باردۇ؟ دەرۋەقە، بىزدىمۇ بار، لېكىن ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب ماڭا كۆپرەك كلايىفتەك ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە بولغان ئادەملەر كۆپلەپ ئۇچرىماقتا. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىنمۇ ۋە بۇ پاكىتنى ئۆزى ئېنىق كۆرگەن، بىلگەندىن كېيىنمۇ «سەت بولۇش»تىن، «ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى»دىن ئەنسىرەپ خاتا قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلار، ساۋاقدىشى ياكى خىزمەتدىشىنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىچى ئېچىشىپ، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ كېتىدىغانلار، ھەتتا ئۇلارنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەل - جامائەت ئالدىداچان ئېتىراپ قىلىپ بولغان تۇرۇقلۇقمۇ بوينى قاتتىقلىق قىلىپ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان ۋە ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە قارشىلىشىدىغانلار، كىچىككىنە ئىمكانىيەت، پۇرسەتلا بولسا، ئۇلارنى چېقىشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارغا زەھەرلىك نەشتىرىنى سانچىۋالىدىغانلار، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھەر خىل پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ جەمئىيەتتە سېستىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغانلار، تېخى ئۇلارنىڭ تېزرەك ۋەيران بولۇشىنى، كۆزدىن يوقىلىشىنى تىلەيدىغانلار ئۇچراپ تۇردى. مەن بۇنداق ئادەملەرنى خېلى تونۇيمەن، بىلىملىك ئادەم دەپ قاراپ كەلگەن ۋە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئۇچراتتىم.

كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇنداق ئادەملەر

ھەرگىزمۇ «سەپدىشىمنىڭ ئىجاد قىلىۋاتقىنى، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋەتەن، مىللەتنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن»دەپ قارىمايدۇ. پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ: «مەن تۇرغان يەردە سەن غەلىبە قىلىپ كېتەمسەن، قانچىلىك نېمىدىڭ»دېگەن يامان نىيەتتىلا بولىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار ۋەتەنگە، مىللەتكە قانداق زىيانلارنىڭ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر مۇنداق يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان ۋە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان تالانت ئىگىلىرىنى ھەرگىزمۇ قوللىمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار بىرەر كېلىشمەسلىكلەر ئۇچرىسا، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ بۆكىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىمكى، دۇنيادا شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى بىر قاراپلا بىلىۋالىدىغان، توغرا چۈشىنىۋالىدىغان ياكى بىر ئاخشامدىلا ھەممىدە كامالەتكە يېتىپ كېتىدىغان ئادەم بولمايدۇ. شۇنداقكەن، ئادەملەردە شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدىغان، خاتا چۈشىنىپ، خاتا تونۇپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشى ئارقىلىقلا ئادەم ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، خاتا قاراشلىرىنى توغرىلايدۇ، تولۇقلىمايدۇ. تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ بارىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئالى - سەۋىيىسى، بىلىمى، تەجرىبىسى، مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى چۈشىنىشى، مەسىلىلەرگە باھا بېرىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر بۇرۇنراق چۈشەنگەننى، يەنە بەزىلەر كېيىنرەك چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىم- پەن ھامان توغرا بىلەن خاتانىڭ ئۆزئارا كۈرىشى داۋامىدا تەرەققىي قىلىدىغان بولغاچقا كەشپىيات، ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئىلمىي مۇنازىرىلەردە چۈشەنمەي خاتا تونۇپ قالىدىغان، ئىككىلىنىپ قالىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىلگىرى خاتا قىلغانلىقىنى، خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، تۈزىتىۋېلىش ئەيىب ئەمەس، بەلكى ئالىيجانابلىق، ئاق كۆڭۈللۈكلىكنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى ئادەم ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىر قېتىم چۈشەنگەن، ئېتىراپ قىلغانىكەن يېڭى دۇنياغا قاراپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولىدۇ، بىلىمى يەنە بىر بالداق يۇقىرىلايدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق قىلالمايدۇ؟ بۇ ھەر كىمنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، ئەخلاق - پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئومۇمىيەتچىل، پەزىلەتلىك ئادەملەر ئۈچۈن خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس، لېكىن شەخسىيەتچى، پەزىلەتسىز ئادەملەر ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن ئىش. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق باشقىلارغا باش ئەگكەنلىك، تەسلىم بولغانلىق، باشقىلاردىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىق، ئۆز ئابرۇيىنى تۆككەنلىك، دەپ قارايدۇ. ئابرۇيى چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ خاتا قارىشىدا قانچە چىڭ تۇرۇۋالغان ئادەمنىڭ ئابرۇيى شۇنچە تېز چۈشىدۇ، بىلىمسىزلىكى، پەزىلەتسىزلىكى شۇنچە تېز ئاشكارىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ قالغان چاغدا ئەڭ ياخشىسى ئىلگىرى ئۆزىڭىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىڭىز، خاتا قاراشتا بولغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقماسلىقىڭىز كېرەك. سىز قىلماقچى بولغان، ئەمما تېخى قىلمىغان ياكى قىلالمىغان ئىشنى باشقىلار قىلغان، ۋۇجۇدقا چىقارغانىكەن ئۇنىڭدىن ئوخشاشلا خۇشال بولۇشىڭىز، ئۇنىڭ غەلىبىسىگە باشقىلار بىلەن تەڭ تەنتەنە قىلىشىڭىز لازىم. دۇنيادا ئاق كۆڭۈل، ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئادەم ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ خۇشال بولۇش، قايغۇسىغا تەڭ قايغۇرۇشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش يوق.(04)

# ئۇلار ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى

## ئىلگىرى سۈرمەكتە

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن مەملىكەت بويىچە «ئۈمىد قۇرۇلۇشى باغۋىنى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياش ئوقۇتقۇچى 15 كە، ئاددىي- ساددا كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن دېھقان، چارۋىچى يىگىت- قىز 33 جۈپكە، 3 تىن ئارتۇق ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بىلەن قوراللانغان يېزا ياشلىرى 20 مىڭدىن ئاشتى. مانا بۇ قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈلگىلىك رول ئويناۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەدەنىي، جۇشقۇن، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىق ياشلار قوشۇنى بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئوبلاستتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى كەڭ ياشلار ئارىسىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەركەز قىلىنغان «ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى»، «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى»، «ياشلار مەدەنىي كىچىك رايونى»، «ئەسىر ھالقىيدىغان ياش ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى»، «ياش ئىش ئورنى ماھىرلىرى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ياشلار بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق قىيىنچىلىقى بار نامرات، ياشانغان، مېيىپ، يېتىم- يېسىرلارغا ئۈزلۈكسىز ياردەم بەردى. ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەردە ئۆز ئارابەسلەشتى. مەدەنىيەتسىز سۆز- ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەشلىشىش، يېڭىلىقفا يۈزلىنىش، ناچار، قالاق ئۆرپ- ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراق ئىشلىرىنى ئاددىي- ساددا ئۆتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى؛ «ياش ئۈچقۇن باشلامچىلىرى»، «پەن- تېخنىكا تايانچىلىرى»، «پەن- تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش ماھىرى»، «ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى» بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ياش ئىشچىلار ئاددىي ئىش ئورنىدا ئۈزلۈكسىز ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. «ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى»گە قاتناشقان ھەر مىللەت ياشلىرى نەچچە 10 مىڭغا يەتتى، ئۇلار ئاممىغا قولايلىق يارىتىش مۇلازىملىقىنى ئەۋج ئالدۇردى. ئاتۇش شەھىرىدىكى ياشلار، بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپىگە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلىدى، يېزىلارغا 3150 دانە كىتاب سوۋغا قىلدى. ئاقچى ناھىيىسىدە تۈرلۈك مۇلازىملىق پائالىيىتىگە قاتناشقان ياشلار 3000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە، ياشلار پەن- تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتىدىن 13ى قۇرۇلۇپ، نامرات ئائىلىلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش يولغا قويۇلدى. ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۆز ئورگىنىدىكى ياشلارنى تەشكىللەپ، بۇ يىل 3- ئاينىڭ 19- كۈنى ئاتۇشنىڭ قاراجۈل قوي فېرمىسى قاتارلىق يېزا- مەيدانلاردا يۈز بەرگەن يەرتەۋرەش ئاپىتىدە ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئائىلىلەر ئۈچۈن 2136 يۈەن نەق پۇل، 200 كىلوگرام گۈرۈچ، 155 كىلوگرام ئۇن، ياغ ئىئانە قىلدى. مەملىكەت بويىچە «ئۈمىد قۇرۇلۇشى باغۋىنى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، يېڭىچە كوللېكتىپ توي قىلغان ۋە 3 تىن ئارتۇق ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن ئىلغار ياشلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ياشلار كوللېكتىپى ۋە ياشلار ئۆز خىزمەت ئورنىدا گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ئوبلاستنىڭ شەرەپ سەھنىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. (05)

# قېيناتا، قېيىنانىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشى توغرىسىدا

[illegible]

نىكاھ - ئائىلە غەيرىي ئىككى جىنسنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇئەييەن تەرتىپ ئارقىلىق، شەكىللەنگەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. شۇ سەۋەبتىن كېلىن ۋە كۈيئوغۇللارمۇ قېيناتا ۋە قېينانىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ھېسابلىنىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دا «ئەر بىلەن خوتۇن بىر - بىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئاتا - ئانا بىلەن بالىلار بىر- بىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق (18- ماددا)» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك قانۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولغان بۇ خىل قانۇنىي مۇناسىۋەتتىن ئۆزئارا بېقىش، تەربىيىلەش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىرىنچى رەتتىكى مىراسخورلار ئەر ياكى خوتۇن، ئوغلى ياكى قىزى، ئاتا- ئانىسى؛ ئىككىنچى رەتتىكى مىراسخورلار ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، چوڭ دادا، چوڭ ئانىلاردىن ئىبارەت بولۇپ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن بىرىنچى رەتتىكى مىراسخورلار ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىككىنچى رەتتىكى مىراسخولار ۋارىسلىق قىلمايدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرىنچى رەتتىكى مىراسخورلار بولمىسا ئىككىنچى رەتتىكى مىراسخورلار ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئوغۇل - قىزلار نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغۇل - قىزلار، بېقىۋالغان ئوغۇل - قىزلار ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان ئوغۇل - قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى ئاتا - ئانىلار بولسا ئۆز ئاتا - ئانىسىنى، بېقىۋاتقان ئاتا - ئانىسىنى ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان ئۆگەي ئاتا - ئانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نىكاھ قانۇنى ۋە مىراسخورلۇق قانۇنىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا كېلىن - كۈيئوغۇللار ئادەتتىكى ئەھۋالدا قىيناتا قېيىنانىسىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا قېيناتا - قېينانىسى بىلەن كۈيئوغۇل، كېلىنلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا بېقىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن بولىدۇ. كېلىنلەر ۋە كۈيئوغۇللار جورىسى ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى جورىسى بىلەن بىللە ياشىنىپ قالغان ياكى تۇرمۇشىدا قىينالغان قېيناتا - قېينانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماستىن بەلكى جورىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا قىيناتا، قېينانىسى بىلەن داۋاملىق بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى قېيناتا، قىينانىسى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنى داۋاملىق باقىدۇ. داۋاملىق بېقىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۆزىنىڭ تەرتىپ ئارقىلىق ئورۇنتىلغان بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دۆلىتىمىز مىراسخورلۇق قانۇنىنىڭ 12 - ماددىسىدا «ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن كېلىنلەر ۋە خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن كۈيئوغۇللار قېيناتا، قېينانىسى ئالدىدا ئاساسلىق بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولسا بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور بولىدۇ يەنە شۇنىڭدەك مىراسخورلار قاتارىغا كىرمەيدىغان ئەمما مىراس قالدۇرغۇچىنى كۆپرەك باققان كىشىلەرگە مۇۋاپىق مىراس بۆلۈپ بېرىلسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن كېلىن ۋە كۈيئوغۇللارنىڭ قېيناتا، قېينانىلارنىڭ قانۇنلۇق مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىراسخورلۇق قانۇنىدا «پۇقرالار، شەخسلەر مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋەسىيەت قىلىپ قانۇنىي مىراسخورلاردىن بىر ياكى بىر نەچچە كىشىگە مىراس قالدۇرۇش ياكى دۆلەت، كوللېكتىپقا ۋە قانۇنىي مىراسخورلاردىن باشقا كىشىلەرگە مىراس قالدۇرۇش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلسا ....» دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىقى

بەلگىلىمىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بىرىنچىدىن، ئېرى ياكى خوتۇنى، قېيناتا - ياكى قېينانىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە. ئىككىنچىدىن، قېيناتا، قېينانىسىنىڭ ئاساسلىق ھالىدىن خەۋەر ئالغان، باققان بولسا، ئۈچىنچىدىن، قېيناتا، قېينانىلار قانۇن تەرتىپى بويىچە كۈيئوغۇل ۋە كېلىنلەرگە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلغان بولسا كېلىنلەر ياكى كۈيئوغۇللار قېيناتا، قېينانىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ھەم ئۇلار بىرىنچى رەتتىكى قانۇنىي مىراسخور بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكىتلەش زۆرۈركى يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئاساسلىق بېقىش»خىراجەت بېرىش شەكلى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ ھەر تەرەپتىن ياردەم بېرىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى)نى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى پىكرى»نىڭ 300 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يىغىنچاقلىغاندا مىراس قالدۇرغۇچىنى ئاساسلىق تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلىسە ياكى ئەمگەك ۋە باشقا ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئاساسلىق يار - يۆلەك بولسا، ئاساسلىق باققان ھېسابلىنىدۇ. كېلىن ياكى كۈيئوغۇل جورىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل قېيناتا، قېينانىسىنى باقمىسا، ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، مۇناسىۋىتى ئۆزگەرسە كېلىن ياكى كۈيئوغۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن قېيناتا، قېينانىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ. قېيناتا، قېينانىسىنى ئاساسلىق باققان جورىسى ئۆلۈپ كەتسە كېلىنلەر ياكى كۈيئوغۇللارنىڭ بىرىنچى رەتتىكى قانۇنىي مىراسخور بولۇشى قايتا توي قىلغان- قىلمىغانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ قايتا ياتلىق بولغان كېلىنلەر، خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ قايتا ئۆيلەنگەن كۈيئوغۇللار ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قېيناتا، قېينانىسى بىلەن داۋاملىق بىرگە تۇرمۇش كۆچۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرمەي تۇرۇپمۇ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلارنى داۋاملىق باقسا ياكى ئەمگەك، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇلارغا داۋاملىق يار - يۆلەك بولسا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قېيناتا ، قېينانىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور ھېسابلىنىدۇ.

ئاتاقلىق پەيلاسوپ خىسروۋ مۇنداق دېگەنىدى:

قېرىغا ياردەم قىل — يۆلەنگەن تېغىڭ.

بۇنى چۈشەنسەڭ قېرىغان چېغىڭ.

بۇ ئىنتايىن توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك رېئال تۇرمۇشنىڭ تەجرىبە ساۋىقىنىڭ يەكۈنى. چوڭلارغا يار - يۆلەك بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى قەدىرلەش بۈگۈنكە قەدەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى. شۇنداقلا ئىنسانىي قىممەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇلىدىغان ئېسىل ئەخلاق. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

كېلىن ياكى كۈيئوغۇللار جورىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىي بۇرچى ۋە ئېسىل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇپ قېيناتا، قېينانىسىنى بېقىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، تۇرمۇش جەھەتتىن ياردەم ۋە يانچىغا ئىگە قىلىش، مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشانغانلارنى بېقىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئەنئەنىۋى كوممۇنىستىك ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇپ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت بىردەك بولۇش پرىنسىپى بويىچە بۇ خىل ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بەلگىلەش كېرەك. جورىسى ئۆلۈپ كەتسە كېلىنى ياكى كۈيئوغۇللىرىنىڭ قېيناتا، قېينانىسىنى بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان بۇ خىل ئېسىل ئىنسانىي ئەخلاق قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىنىدۇ.(02)

(ئاپتور گۇ ش سايۋاغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)

# «ئۆرۈك- ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ»

دىلمۇرات مەھمۇت

پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش تارىخى بولۇشقا مۇناسىپ. دۇنيادا باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ھەم باشقىلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىنساننى تېپىش تەس بولسا كېرەك. بۇ جەھەتتە كىشىلەر تەسىر دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلەر ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرى، دوستلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى ھەم ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. بەزىلەر پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەم مەكتەپنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن. ئايرىم شەخسلەر پۈتكۈل دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن.

كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىر فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق بۇ خىل ئامىللار بىۋاسىتە ئىرسىيەت ئىلمىگە باغلانغانلىقى سەۋەبلىك تەبىئىي پەن ساھەسىگە تەئەللۇقتۇر. ھالبۇكى، بىز سۆزلىمەكچى بولغان تەسىر شۇ خىل تەسىردىن سىرت تۇرىدىغان كەڭ مەنىدىكى تەسىر — ئىجتىمائىي تەسىردىن ئىبارەت.

جەمئىيەتتە ياشىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېتەرلىك ئىجتىمائىي بىلىم ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولسىلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانىدىكى ئۇتۇقلىرى ۋە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى، باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىش ھەم باشقىلارنىڭ قانداق تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ. ۋەھالەنكى بىر كىشىنىڭ تەسىر چەمبىرىكى ئىچىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ خاراكتېر - مىجەزى بىلەن ئاندىن قالسا ئىجتىمائىي بىلىمى ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بايقاش ياكى بايقىماسلىقتىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ھەر دائىم ئۆزئارا تەسىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز كىشىلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل تەسىرلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئائىلىۋى مۇھىت ئىچىگە قويساقلا ناھايىتى ئېنىق يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مىجەز- خاراكتېرى، قىزىقىشلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى،



ھەتتا تەقدىرىدىكى ئوخشاشلىقلار ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، ئىرسىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كۆرە، ئائىلىۋى تەسىرنىڭ كونتروللۇقىدا ياشىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئارىمىزدا پالانچى جەمەت، پالانچى مەھەللىدىكىلەر، ھەتتا پالانچى يۇرتنىڭ كىشىلىرى ئۇنداق ياكى مۇنداق دېيىشىدىغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېر- مىجەز ئالاھىدىلىكلىرىنى ئورتاقلاشتۇرۇپ تىلغا ئالىدىغان ئادەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى مۇشۇ تەسىرلىنىش چەمبىرىكى ئىچىگە ئېلىپ كۆزىتىپ باقسىڭىز بەزى يېڭى نەرسىلەرنى بايقىشىڭىز مۇمكىن، سىزنىڭ بۈگۈنكىدەك قىياپەتتىكى ئادەم بولۇشىڭىزغا زادى كىملەر تەسىر كۆرسەتتى؟ ئۇنى ئەمدى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ تەھلىل قىلىپ بېقىڭ، دوستلىرىڭىز، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىز ۋە سىز تونۇيدىغان بەزى داڭلىق ئەربابلار بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىڭىزغا كېلىشى مۇمكىن. ھېس قىلغىنىڭىزدىكىدەك سىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ۋە ئاتا- ئانىڭىزغىلا تەۋە ئەمەس، سىزنى باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بىرلىكتە «ياساپ» چىققان. سىز ئۇلارنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى.

سىزگە باشقىلار تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن يەردە، سىزمۇ ئەلۋەتتە باشقىلارغا دائىم تەسىر كۆرسىتىش ھالىتىدە بولىسىز. مەسىلەن: يۈرۈش- تۇرۇش، سۆز - ھەرىكەت، خۇلق- مىجەزىڭىزگە ئەتراپىڭىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كۆز سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سىزدىن ئۆزلىرىگە ياققان تەرەپلەرنى بايقىسا، «مەنمۇ شۇنداق بولسامچۇ» دەپ ئويلاپ، دەرھال ئۇنى ئۆزىگە تەدبىقلاپ باقىدۇ. نەتىجىدە سىز ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن بولىسىز. ئەگەر ئۇلار سىزدىن ناچار ئەھۋاللارنى بايقىسا، دەرھال يەنە «ھېلىمۇ ياخشى مەن شۇنداق بولۇپ قالماپتىمەن» دەيدۇ، دېمەك سىز باشقىلارنىڭ ساۋاق ئېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىسىز، كۆرسەتكەن تەسىرىڭىز ئەلۋەتتە پاسسىپ بولىدۇ. يېقىن دوستلار، ئەر- ئاياللار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرلىنىش ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى پەرقلەرنىڭ ئازىيىپ بارىدىغانلىقى مۇشۇ خىل تەسىرلىنىش كۈچىدىن ئايرىلمايدۇ.

بىز مەلۇم بىرسىنىڭ ياخشى تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاز- تولا پۇل تېجەپ نامرات رايونلاردىكى ئوقۇشسىز قالغان باللارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنغان چېغىمىزدا، ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىش بىلەن بىرگە، ئاشۇ ياردىمىمىز بىلەن شۇ سەبىيلەرنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرالايمىز. ئەتراپىمىزدا بىزگە ئوخشاش كىشىلەر كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئىشنى باشقىلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئەمەس، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىشىمىز كېرەك. مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ھەققىدىكى تەنقىدى ماقالىلەر نېمە ئۈچۈن سۇ يۈزىگە چۈشكەن تاش نۇرغۇن چەمبىرەكلەرنى ھاسىل قىلىپ ئىز- دېرەكسىز يوقالغاندەك، بىزگە بىردەملىك روھىي كۆتۈرۈلۈش ياكى روھىي بېسىمدىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ؟ چۈنكى باشقىلاردىن ئاغرىنىش، ئۆزىنى پەقەت بىرلا، قانداقلا قىلمىسۇن ئومۇمىي كەيپىياتقا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان «ئەرزىمەس» ئادەم دەپ ھېسابلاش، باشقىلارنىڭ چەتكە قېقىشىدىن قورقۇش دېگەندەك تۇيغۇلار بىزنىڭ داۋاملىق كونا سەنەمگە دەسسەپ كېتىۋېرىشىمىزگە سەۋەب

بولىۋاتىدۇ.

ئاددىي- ساددا توي قىلىش جەمئىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ كەلدى. لېكىن نۇرغۇن ياشلار ئاددىي- ساددا توي قىلىش بەدىلىگە ھەقىقەتەن پۇتكۈل كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىرگە ئېرىشەلىشىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دوستلىرىمىز قاتارىدا يەنە نۇرغۇن ئاتالمىش «دۈشمەن» لىرىمىز بار ئەمەسمۇ! ئۇلار بىزنىڭ ھۆرمەت تېپىپ كېتىشىمىزنى خالىمايدۇ! شۇنىڭ بىلەن «دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا ...» يەنە ئىرادىمىزگە خىلاپ ئىش قىلىپ كېتىۋېرىمىز. يېقىندا بىر جۈپ ياش توي مۇراسىمىدا ئەسلىدە مۆلچەرلەنگەن خىراجەتنىڭ يېرىمىنى تېجەپ قالغان. ئۇلارنى كەمسىتىپ، گەپ تارقاتقۇچىلار خېلى كۆپ چىققان، بىراق بىرەر ئايدىن كېيىن بۇ گەپلەرمۇ جىمىدە بېسىقىپ قالغان. دېمەك تويىنى ئاددىي قىلىسمۇ، ھەشەمەتلىك قىلىسمۇ خەقنىڭ ئاغزىدا بىرەر ئاي ھېكايە قىلىنىدىكەن.

كىشىلەر ئارىسىدا ئەلۋەتتە ياخشى تەسىر بىلەن يامان تەسىر تەڭ نىسبەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ يامان تەسىرىنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان كىشى ئەسلى ياخشى تەسىرگە كۆپ ئۇچرىمىغان كىشىلەردۇر. بىر كىشىگە باشقىلارنىڭ ياخشى تەسىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش مۇشكۇل ئىش. بۇ ئەڭ ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا باغلىق، ۋەھالەنكى بۇ خىل سۇبيېكتىپ خاھىش شۇ كىشىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. فروئىدنىڭ ئانالىز تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ گۆدەكلىك مەزگىلى ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىل بولۇپ، تۇغۇلۇپ 5 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار كۆپىنچە بەلگىلەش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ياراتقان نەتىجىلىرى ئاشۇ بالىلىق دەۋرىنىڭ تەسىر كۈچىدىن ئايرىلمايدۇ.

بىز ھەممىمىز بىر- بىرىمىزگە كۆز تىكىپ تۇرۇپتىمىز. باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنى دەڭسەۋاتىمىز. بەزىلىرىمىز باشقىلاردىن يۇقتۇرۇۋالغان ناچار ئىللەتلەرنى يەنە باشقىلارغامەجبۇرىي ئۆگەتمەكچى بولۇۋاتىمىز. بەزىلەرسۆز - ھەرىكەتلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى بىلەن باشقىلاردا ھەۋەس قوزغىسا، يەنە بەزىلەر كۆزىگە يېقى، غەيرىي كۆرۈنگەنلىكى شەيئىلەرنى ئايرىماي قارغاپ كونا، ناچار ئادەتلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

باشقىلارغا بولغان تەسىرىمىزگە مەسئۇلىيەتچان بولايلى، يەنە باشقىلارنىڭ تەسىرىنى ئىجابىي قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكىلا خاس ئىقتىدارىمىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسىڭىز باشقىلار سىزنىڭ يېڭى دەۋر ياشلىرىغا خاس دادىل، تەمكىنلىكىڭىز، نەزەر دائىرىڭىزنىڭ كەڭلىكى، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىشىڭىزدىن ھوزۇرلانسۇن. سەنئەتكار بولسىڭىز كىشىلەر سىزنىڭ قىياپىتىڭىزدىنمۇ زوق ئالالايدىغان بولسۇن، پىرىكازچىك بولسىڭىز خۇش چىرايىڭىزدىن خېرىدارلارنىڭ دىلى سۆيۈنسۇن، مېھمان بولسىڭىز مەزمۇت تېنىڭىز، تەبىئەت قوينىدەك كەڭ باغرىڭىزدىن ھەقىقىي زېمىن ئاتىسىنىڭ سىماسىنى كۆرسۇن، زىيالىي بولسىڭىز سۆزىڭىزدىنلا ئەمەس ھەرىكەت پائالىيەتلىرىڭىزدىن ئۈلگە ئالالىغۇدەك بولسۇن... ھەممىمىز ئۆز روھىمىزنىڭ نۇرلۇق جۇلالىرىنى ساپ كۆڭۈللۈك بىلەن ئايىماي چاچايلى. ھەر دائىم، ھەر ئىشتا ، ھەر بىر مەسىلىدە



تەھرىرى (٩٠)

ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت

بىر- بىرىمىزگە كۆز تىكىپ تۇرغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

ئېسىمىزدە بولسۇن، «ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ» .(٠٩)

# گۈل سوۋغا قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

گۈل ـ گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، دوستلۇقنىڭ ئەلچىسى، مۇھەببەتنىڭ كۆۋرۈكى، ھېسسىياتنى باغلايدىغان رىشتە. بىراق، گۈلنى قارىغۇلارچە تەقدىم قىلىشقا بولمايدۇ.

**يېڭى تـوي قىلغانلارنى تەبرىكلەشتە:** رەڭگى چىرايلىق، خۇشپۇراق، گۈللەرنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن: ئەتلەسگۈل (ئېۋفوربىيە چاتقىلى)، جۇڭگو ئەترگۈلى، گۈلسۇرۇخ، چىللىگۈل قاتارلىقلار جەم بولۇش، ئىناقلىق، بىر - بىرنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈش مەنىسىدىكى گۈللەردۇر.

**مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتا:** سىز ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بىر دەستە قىزىل گۈلسۇرۇخ (قىزىل ئەترگۈل) سوۋغا قىلسىڭىز، بۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز بارلىقنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ سىپايە ۋە يوشۇرۇن ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا گۈلساماق، كۆركۈم (زىلالە) لەرمۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى، ئېسىللىكى، خۇشپۇراقلىقى بىلەن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، سېرىق كۆركۈم مۇھەببەتتە ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكنى ياكى مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەرگىز سوۋغا قىلىشقا بولمايدۇ.

**كېسەل يوقلاشتا:** سۇس ۋە قېنىق رەڭدىكى گۈللەرنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن: كەترەن (پىگان گۈلى)، جۇڭگو ئەترگۈلى، قەلەمپۇر چىنىگۈل، ئىپارگۈل قاتارلىق گۈللەر تەسەللىي بېرىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر دەستە گۈلساماق سوۋغا قىلىنسا، بۇ كېسەلنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. گۈل سوۋغا قىلغاندا، مېۋە-چېۋە ياكى باشقا ئوزۇقلۇق يېمەكلىكلىرى بىرگە سوۋغا قىلىنسىمۇ بولىدۇ.

**ئەپسۇسلىنىش، ياد ئېتىش ياكى قايغۇ، تەزىيە بىلدۈرۈش مەنىلىرىنى ئىپادىلەشتە:** ئاق رەڭلىك گۈللەرنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن: ئاق ئەترگۈل، ئاق جۇخار گۈل، ئاق چىنىگۈل، ئاق تاقا گۈل (تۆياقگۈل) قاتارلىقلار.

**تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەشتە:** ياش دوست - بۇرادەرلەرگە ئانارگۈل، ھالرەڭ ئەترگۈل، شەپەق گۈل (ھىندىغالچەك) قاتارلىقلارنى تاللاپ سوۋغا قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇلار ئۇتتەك ياشلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. چوڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەشتە، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش مەنىسىدىكى گۈللەرنى تاللاش مۇۋاپىق. مەسىلەن: رودىيە، مۇرچابا (ھىلىيون)، قارىغاي قاتارلىقلار سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش مەنىسىدىكى گۈللەردۇر. ئاق چىنىگۈلنى پەقەتلا سەپلىمە گۈل قىلىشقا بولىدۇ، ئاساسلىق گۈل قىلىشقا بولمايدۇ.

تېگىدىن بارلىققا كەلگەن بەزى بايراملاردا، مەسىلەن: ئانىلار بايرىمىدا قەلەمپۇر چىنىگۈل، گۈلساماقنى؛ ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىدا قىزىل ئەترگۈل، كۆركۈمنى؛ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا گۈلسۆسەر، خەنجەر يوپۇرماقلىق پىچانگۈل، جۇخار گۈل، قەلەمپۇر چىنىگۈل قاتارلىقلارنى تاللاش ئارقىلىق ھۆرمەت - ئېھتىرامنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. باھار بايرىمىدا چىرايلىق ئورالغان تەشتەكلىك گۈللەرنى، مەسىلەن: نورۇز گۈل (ئاقچېچەك)، توشقانگۈل (ئالپ گۈلسىنەپشىسى) قاتارلىقلارنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بايراملىق كىچىك گۈل سېۋەتلەرنى سوۋغا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. (010)

(ئەلى مىشۋۇللا. ت)

(تۇرسۇن مۇھەممەت ئوسمان فوتوسى)



# ماركس ئىقتىسادىي نەزەرىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدىكى يېتەكچىلىك رولى ھەققىدە

ماركسىزم راۋاجلىنىدىغان پەن. ماركسىزم ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چوقۇم ئۇزلۇكسىز ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. تارىختا ماركسىزم ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى بىلەن بىر يېرىم ئەسىرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كەڭ تارقىلىش ۋە راۋاجلىنىشقا ئېرىشتى. ئېنگېلس 1895 - يىلى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ماركسنىڭ پۈتكۈل دۇنيا قارىشى دوگما ئەمەس، بەلكى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مۇشۇنداق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئۇسۇل». شۇنداق دېيىش كېرەككى، ماركسىزم كلاسسىكلىرى بىزگە مول نەزەرىيە بايلىقلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە بايلىقلىرىغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشلارنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. ماركس يازغان «كاپىتال» — كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. كاپىتالىستىك ئىقتىساد تاۋار ئىگىلىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەكىل. تاۋار ئىگىلىكى بىلەن بازار ئىگىلىكى ئورتاق ھەرىكەت قانۇنىيىتىدە بولغاچقا، ماركسنىڭ تاۋار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىمۇ بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدۇ.

بىرىنچى، بازار ئىگىلىكى ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىدارە قىلىدۇ، ئاساسلىقى قىممەت قانۇنىيىتى. تەمىنلەش- تەلەپ. باھانىڭ بىر ئۆرلەپ، بىر چۈشۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باھانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروتنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، قىممەت قانۇنىيىتى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەنگلىيە ئىقتىسادشۇناسى ئادام سمىت ئېيتقان «كۆرۈنمەس قول» ئەنە شۇ قىممەت قانۇنىيىتىدۇر. قىممەت قانۇنىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن، ماركسنىڭ قىممەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش زۆرۈر.

ئىككىنچى، قىممەت قانۇنىيىتىنى ماركس بايقىمىغان، بەلكى ئۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ نەزەرىيىنى ئىجاد قىلغان. ماركسنىڭ ئۇلۇغ بايقىشى قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىدۇر. قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسى يالغۇز كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىرىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مەنبەسىنى شەرھلەپ بەردى. قوشۇمچە قىممەت كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ، بۇ يەردە بىز كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتىنى بىر ياققا قايرىپ قويغان تەقدىردىمۇ، قوشۇمچە مەھسۇلاتلار باشقا جەمئىيەتلەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ قوشۇمچە مەھسۇلاتلار مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى مۈلۈكچىلىك شەكلىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغاچقا، پايدا خۇسۇسىيلارغا تەئەللۇق بولماستىن، بەلكى كەڭ ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، قوشۇمچە مەھسۇلاتلار تاۋار ئىگىلىكى شارائىتى ئاساسىدا، ئاساسلىقى پايدا بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ھازىر بىز بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، ھەم كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىرگە مەۋجۇت، شۇڭا قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

ئۈچىنچى، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولغان بولسىمۇ، ئوخشاشمىغان تارىخىي شارائىتلاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەندى. ئاددىي تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تاۋارلار ئاساسەن قىممەت ياكى

قىممەتكە يېقىن بولۇش بويىچە ئالماشتۇرۇلدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئوخشاشمىغان تارماقلاردىكى كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت پەيدا بولۇپ، ئوتتۇرىچە پايدا شەكىللەنگەچكە تاۋارلار قىممەت بويىچە ئەمەس، بەلكى، ئىشلەپچىقىرىش باھاسى بويىچە ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. قىممەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باھاسىغا ئۆزگىرىشى، بىر تەرەپتىن، ئوخشاشمىغان تارماقلاردىكى كاپىتالىستلارنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىنى قوغلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، ئىجتىمائىي ئەمگەك (بايلىق)نى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىشنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك، ئىجتىمائىيلاشقان شارائىت ئاستىدىكى تاۋار ئىگىلىكى بولغاچقا، بىز قىممەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، يالغۇز قىممەتنىلا تەتقىق قىلىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى — ئىشلەپچىقىرىش باھاسىنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا رېئال ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىن.

تۆتىنچى، بازار ئىگىلىكى رىقابەت ئىگىلىكىدۇر. ماركس رىقابەتكە قارىتا چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، 2 خىل رىقابەت بار بولۇپ، ئۇلار: تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بىلەن تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رىقابەت، ئالدىنقىسى ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى ئارقىلىق بايلىقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. كېيىنكىسى بولسا ئارتۇقچە پايدىنى قوغلىشىپ، كارخانىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ناچارلىرىنى شاللاپ، ياخشىلىرىنى غەلبىگە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى بۇ 2 تۈرلۈك رىقابەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشتا بىز يەنىلا ماركسنىڭ ئىقتىسادىي نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئېھتىياجلىق. (٥٩)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ئۇغۇلغان ئادەم ئۆلىدۇ، بىلگىنىكى، سۆزى يادىكار قالىدۇ. ياخشى سۆزۈڭنى سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلمەيسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەقىللىق ئادەم بىمەنە، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى پاك ساقلايدۇ.

— ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

تىلىڭنى ئىختىيارىڭدا ئاسرىغىن ۋە سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن سۆزلىگىن، تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت، دىلىڭ ۋە تىلىڭ ئېيتقان سۆزگە ئىشەن، ئەمەل قىل.

— ئەلشىر نەۋائىي

ھەرگىزمۇ باشقىلار سەندىن سورىغان سۆزنى ئېيتمىغايسەن، ئېھتىياتسىزلىق بىلەن سۆز قىلماقتىن پەرھىز قىل، سەندىن باشقىلار سۆز سورىسا، راست سۆزلىگىن، خالىمىغان كىشىگە نەسىھەت قىلمىغىن. كىشىگە خالايىق ئالدىدا نەسىھەت قىلىشتىن ساقلان، ئاشكارا قىلىنغان نەسىھەت خۇددى تاشقا مۇشت ئاتقاندەك بولىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

ئادەمدىن ئادەمگە سۆز ۋە نەسىھەت قالىدۇ، ۋەسىيەت سۆزىگە ئەمەل قىلغان كىشى ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ. ئۆلمەيدىغان ھايات تىلىسەڭ، خۇلق - مىجەزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

زۇلۇمنى كۆپ قىلغۇچى دۆلىتىدىن ئايرىلار، سۆزنى كۆپ قىلغۇچى ئىززىتىدىن ئايرىلار. (٥٨)

— مۇھەممەد بىنى ئابدۇللا خاراباتى

# دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېزا - بازار كادىرلىرىدىكى «4 تە زامانىۋىلىشىش» ھادىسىسى

نۆۋەتتە، يېزا - بازارلاردىكى كادىرلار قوشۇنىدا كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان «4 تە زامانىۋىلىشىش» ھادىسىسى كۆرۈلمەكتە. ئاساسلىق ئىپادىلىرى:

**1. شەھەر - بازارلاردا ئولتۇراقلىشىش.** يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بىر قىسىم يېزا كادىرلىرى ئاۋات ناھىيە بازىرى ياكى مەركىزىي بازارلاردا ئولتۇراقلىشىپ، «مەكتەپتە قونماي ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى»لاردىن بولۇۋالدى. كۆپ بولغاندا % 80دىن يۇقىرى، ئاز بولغاندىمۇ % 40 يېزا كادىرى شەھەر- بازارلارغا ئولتۇراقلىشىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ئىشقا چىقىش ۋە ئىشتىن چۈشۈشتە خېلى كۆپ ۋاقىتنى يول مېڭىشقا سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئىككى ئوتتۇرىدا چېپىپ يۈرۈپ، خىزمەتكە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي، يېزا - بازار خىزمىتىگە زور تەسىر يەتكۈزمەكتە. بولۇپمۇ كەچتە، يېزا- بازار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا قالىدىغان كادىرلار ئاز بولغاچقا، تاسادىپىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئادەم يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىسىز بولماقتا.

**2. جەمەتچىلىك.** يېزا - بازار كادىرلار قوشۇنىدا، دۆلەت كادىرلىرىدىن باشقا يەنە يېزا- بازارلاردىكى ھەرقايسى ئورگان پونكىتلارنىڭ باشقۇرۇش خادىملىرىمۇ مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا ھەر بىر يېزا - بازاردا 20دىن كۆپرەك باشقۇرغۇچى خادىم بار ئىكەن.

بىر كىچىك يېزىدا يېزا كادىرى 22 نەپەر بولۇپ، باشقۇرغۇچى خادىم 25 نەپەر ئىكەن. بۇ باشقۇرغۇچى خادىملار ئۆزئارا ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 جۈپ 14 كىشىدە ئەر- خوتۇنلۇق، ئاتا - بالىلىق، تاغا - جىيەنلىك، نەۋرە، ئاكا - ئۇكىلىق قاتارلىق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، چوڭ بىر جەمەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى كەنتلەردە ئاساسلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ئاساسىي قاتلامغا بولغان تەسىر كۈچى زورىيىپ بارغان. شۇڭا بەلگىلىك دەرىجىدە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشالىغان. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت ئەمدىلا بېكىتكەن بەلگىلىمىلەرنى ئۇلار نەچچە مىنۇتتا بارمايلا ئۆز چاكىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتكە قاراپ ئىجرا قىلغان ياكى قىلمىغان. پارتكوم، ھۆكۈمەت بەزىسى ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپىنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ باشلامچىلىق قىلغان. يېقىندا، مەلۇم يېزىنىڭ بىر باشقۇرۇش خادىمى خىزمەتتە



مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى تۈپەيلى، پارتكوم شۇجىسى تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدلەنگەن. بۇ ۋاقىتتا بۇ باشقۇرغۇچى خادىم پارتكوم شۇجىسىغا ئۇچۇق - ئاشكارا تەھدىت سېلىپ: «ھوشىڭىزنى تېپىۋېلىڭ، بوۋىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسىڭىز، سىزنىمۇ ھەيدەتكۈزۈۋېتىمەن!» دېگەن.

**3. ئالاقە ئىشلىرىدا زامانىۋىلىشىش.** نۆۋەتتە كۆپ قىسىم يېزا - بازارلارنىڭ شۇجىلىرى ۋە يېزا - بازار باشلىقلىرىنىڭ قولىدا بىردىن كۆچمە تېلېفون بولۇپ، مەيلى خىزمەتكە ئېھتىياجلىق بولسۇن - بولمىسۇن، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ۋە ئورنىنى كۆرسىتىشىنىڭ بەلگىسى قىلىۋېلىشقان. بەزى يېزا - بازارلار مۇناسىۋەتنى تەگشەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارغا بىردىن چاقىرغۇ ئېلىپ بەرگەن. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، چەت بىر يېزىدا، مالىيىدە ئۇدا بىر نەچچە يىل قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، كارخانا پايدىسى ياخشى بولمىسىمۇ 1996 - يىلى كۆچمە تېلېفون، چاقىرغۇ ئاپپاراتقا كەتكەن چىقىم 40 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن. ئېلىنغان بۇ كۆچمە تېلېفونلار شۇ يېزا دائىرىسىدە پۈتۈنلەي ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ، بىر بىكارچى نەرسە بولۇپ قالغان.

**4. يېزىغا چۈشكەندە «كىچىك ماشىنىلىشىش».** نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ ئىش بېجىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولۇپ، ئادەتتە 1 — 2 دىن كىچىك ماشىنىسى بار. كىچىك ماشىنا بولغاندىن كېيىن بەزى يېزا - بازار كادىرلىرى تەدرىجىي ھالدا «ماشىنا بولمىسا تۆۋەنگە چۈشمەسلىك» دەك ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان. ئەگەر ماشىنا يەتمىسە، كىرا ماشىنىلىرىنى كىرا قىلىدىغان بولۇۋالغان. بىر بازار بولۇپ، 1995- يىلى ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنىڭ چىقىمىدىن باشقا، كىرا قىلغان چىقىملا 80 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. (04)

(توختىھاجى يۈنۈس.ت)

## رىتىم ۋە سالامەتلىك

ئابدۇكېرىم ئەيسا

ئىنسانلار رىتىم بىلەن تولغان دۇنيادا ياشايدۇ، يەنى كۈن، ئاينىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشى، 4 پەسىلنىڭ ئالمىشىشى كۈن بىلەن تۈننىڭ ئالمىشىشى ۋە باشقىلار. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ رىتىم بىلەن تولۇپ - تاشقان بولىدۇ، يەنى ئىشلەش بىلەن دەم ئېلىش، ھاياجانلىنىش بىلەن كونترول قىلىش، تېز بىلەن ئاستا ۋە باشقىلار. بۇلار ئىنسانلارنىڭ مۇھىتقا ماسلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىنسانلار مانا شۇنداق رىتىم ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە قېرىيدۇ. ئىنسانلار تەبىئىي ھالدا رىتىمى ئېنىق ئايرىلغان سەنئەتنى، يەنى جاراڭلىق رىتىملىق مۇزىكا، كۈچلۈك رىتىملىق ئۇسسۇل، شوخ رىتىملىق ناخشا، كۆركەم رىتىملىق گىمناستىكىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. رىتىملىق ئاستا يۈگۈرۈش بەدەن چېنىقتۇرىدۇ، رىتىملىق سەيلە - ساياھەت قىلىش ئادەمنىڭ ئىلھامىنى قوزغايدۇ، رىتىملىق خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئۈمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

ھازىرقى زامان تۇرمۇش رىتىمى كىشىلەردىن تېز تاماق يېيىش، تېز ھەرىكەت قىلىش، تېز سۆزلەش، تېز ئۇخلاشنى تەلەپ قىلماقتا. ياپونىيە ئالىملىرى پەقەت «4 تېز» بولۇشنى ھازىرلىغاندىلا، ئاندىن تېز تاماقلىنىپ، تېز ھەزىم قىلغىلى، روھىي ھالەتنى تېتىك تۇتقىلى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق رىتىملىق زامانىۋى تۇرمۇشقا ماسلاشقىلى بولىدۇ، شۇنداق قىلغان ئادەملا ساغلام ئادەم ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ياش دوستلار ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم - پەن دۇنياسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ھازىرقى زامان تۇرمۇش رىتىمىغا ماسلىشايلى!(04)

# ئاتاقلىق رەسساملىق مائارىپقا قىلغان ياردىمى

مەمتىمىن بارى

1992 - يىلى كەچكۈز، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات كافېدراسى ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىقلارنى ئىشلەپ پۈتتۈرگەن، لېكىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىدىن بىرنى تەييارلاش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، نۇرغۇن جايلارنى ئىزدەشتۈرگەن بولسىمۇ، زادىلا تاپالمىغان ئەھۋالدا ئاخىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلار توپلىمىدىكى سۈرەتنى چوڭايتىپ سىزدۇرۇش قارارىغا كەپتۇ.

بىراق ئۇنى تەلەپكە لايىق سىزالايدىغان رەسسام بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ئاخىرى بۇ ئىشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى ۋە ماڭا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلار توپلىمىدىن بىرنى بېرىپ، رەسساملىق سىزغان ئەجرى ئۈچۈن يۇقىرى ھەق بېرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

مەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇدۇل «شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاقلىق رەسسام مۇھەممەت ئايۇپنىڭ يېنىغا باردىم.

ئۇ رەسىم سىزىش ئۈستىدە ئىنتايىن ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئىكەن، ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، مېنى قىزغىنلىق بىلەن ئىشخانىسىغا باشلىدى. مەن كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتىپ بولغىچە قولۇمدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى قولىغا ئېلىپ، بىر قۇر ۋاراقلاپ، ئاندىن مۇتەللىپنىڭ سۈرىتى بار يەرگە تىكىلىپ قاراپ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇشۇ سۈرەتنى سىزدۇرۇشقا كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.



كېلىش مەقسىتىم دەل شۇ، — دېدىم مەن، — ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن، شۇڭا مۇتەللىپنىڭ سۈرىتىنى چوڭايتىپ سىزدۇرۇپ بەرسىلە، دەپ ماڭا ھاۋالە قىلغان ئىدى، مەن بۇنى سىلىگە ئېلىپ كەلدىم.

— چاتاق يوق، مەن ئىشلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ.

ئاندىن، راست گەپنى ئېيتسام، ھازىر ئىشىم ئىنتايىن ئالدىراش، مەملىكەتلىك كۆرگەزمىگە ئەسەر تەييارلاۋاتىمەن، ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن كېلىپ قاراپ باقالا، — دېدى. مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قايتتىم.

دۈشەنبىمۇ كەلدى، مەن كېلىشكەن ۋەدە بويىچە چۈشتىن كېيىن مۇھەممەت ئايۇپنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ،

ئىشخانىسىغا ئاستا قەدەم بېسىپ كىرسەم، ئۇ چوڭقايتىپ سىزىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سۈرىتىنى تامغا مىخلاپ قويۇپ، يىراقتىن قاراپ سۈرەتكە نەزەر سېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ:

– يىراقتىن قاراپ باقسىلا، سۈرەت قانداقراق بوپتۇ – دېدى. مەن سۈرەتكە تىكىلىپ قاراپ، ئىچ - ئىچىمدىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم - دە، ناھايىتى تەستە: ياخشى، ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ، دېيەلىدىم. ئۇ سۈرەتنى يەنە مەلۇم ۋاقىت كۆزەتكەندىن كېيىن قولىغا يۇڭ قەلىمىنى ئېلىپ، ئۇ يەر -بۇ يەرگە ئازراق رەڭ بېرىپ، مېنىڭچە ئەمدى بولدى، – دېدى- دە، رەسىمنى تامدىن ئېلىپ قەغەز بىلەن ئەپلىك ئوراپ:

5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرگە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، بۇ مېنىڭ ماتارىيقا قىلغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، – دەپ رەسىمنى ماڭا بەردى. مەن ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىم. 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئۇ پائالىيەتكە يولداش مۇھەممەت ئايۇپنىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ پەۋقۇلئاددە ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ كېلەلمىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، يازغۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللۈك جەم بولۇشى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ئىنتايىن مەزمۇنلۇق، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەندى.

ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتلىك پائالىيەت ئۈچۈن يولداش مۇھەممەت ئايۇپنىڭ قىلغان ياردىمى ۋە مەكتەپكە قالدۇرغان ئېسىل سوۋغىسى — لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ چوڭقايتىپ سىزىلغان سۈرىتى ئىنتايىن قەدىرلىنىپ ساقلانماقتا.

يولداش مۇھەممەت ئايۇپنىڭ گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە سەۋىيىسى، رەسىم سىزىش، ئىجاد قىلىش ماھارىتى يۇقىرى، سەنئەت جەھەتتە بىلىمى مول ۋە چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئۆز كەسپى بويىچە كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلەر كۆرگەزمىلىرىگە كۆپ قېتىم قاتناشتۇرۇلغان ۋە ئىنتايىن ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە «نادىر ئەسەرلەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قىستۇرما رەسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىكى نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇ لايىھىلىگەن 30 نەچچە پارچە كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ئالاھىدە ماختاشقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭ تەھرىرلىكىدىن ئۆتۈپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قوللانمىسى»، «ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ ماي بوياق رەسىملىرى توپلىمى» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىككى قېتىم جۇڭگو مىللىي كىتابلار مۇكاپاتى بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «مۇھەممەت ئايۇپنىڭ قىستۇرما رەسىملەر توپلىمى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

يولداش مۇھەممەت ئايۇپ ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى، سۆيۈملۈك دوستى، شۇنداقلا ئۇ كۆپلىگەن گېزىت - ژۇرناللارنى جۇلالاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەشھۇر تۈزىپكار ئىدى.

گەرچە ئۇ ئارىمىزدىن بىۋاقىت كېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن بىباھا ئەجرى - تۆھپىسى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن قىلغان جاپالىق ئەمگىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

(08)

(خالمۇرات قېيۇمبەگ فوتوسى)

# چاقلىق ئورۇندۇقتىكى گىگانت —

## ستېفېن خاۋكىڭ

خاۋكىڭ نيۇتون، ئېينشتېيندىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى فىزىكا - ئاسترونومىيە ئالىمى. ئۇ ئىسپىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا يېڭى سەھىپە ياراتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئەندىزىسى - كۋانت تارتىشىش كۈچى نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىرقى زامان نەزەرىيىۋى فىزىكا تەتقىقاتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

«ئالەمنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆرۈنۈشى»نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلغان خاۋكىڭ دېگەن بۇ گىگانت ئادەم 1942- يىل 1- ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورد شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كېسەل چىرمىۋالغان، گەپ- سۆزدىن قالغان، 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئۆتكۈزگەن ئادەم تۇرۇغلۇق، قانداقلارچە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بۇنچىۋالا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى؟ خاۋكىڭ 1963 - يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئالەمشۇناسلىق تەتقىقاتىنى باشلىغان. ئۇ 21 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇسكۇل يىگىلەش خاراكتېرلىك يان تاناپ قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دەپ دىئاگنوز قويۇلغان. دوختۇر ئۇنى 2 يىلمۇ ياشىيالماسلىقى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى يېزىپ بولالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دەپ قارىغان. جېنى ۋالد بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ھەقىقىي ئۆزگىرىش بولغان ھەمدە ئۇ ياشاش ئىرادىسىنى تۇرغۇزغان. 1970- يىلغىچە خاۋكىڭنىڭ خىزمىتى ئالەمشۇناسلىقنى چوڭ ئۆلچەم بويىچە تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى: ئالەمنىڭ چوڭىيىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، كەڭ مەنىدىكى ئىسپىلىك نەزەرىيىسى ئارقىلىق، بۇنىڭدىن 10 — 20 مىليارد يىل ئىلگىرى چەكسىز زىچلىقتىكى بىر چوڭ پارتلاش نۇقتىسىنىڭ مۇقەررەر مەۋجۇت بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتا ۋاقىت- بوشلۇقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. چوڭ پارتلاش پەيتىدە ئالەمنىڭ ھەجمى نۆل بولغان، چەكسىز قىزىغان. چوڭ پارتلاشتىن كېيىنكى بىر سېكۇنتتا تېمپېراتۇرا تەخمىنەن 10 مىليارد گرادۇسقا چۈشكەن: ئاندىن ئالەم ئۈزلۈكسىز چوڭىيىپ، ئېلېمېنتلار ئارقا- ئارقىدىن پەيدا بولغان. 1 مىليون يىلدىن كېيىن تەخسىسىمان ئايلىنىدىغان تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى پەيدا بولغان: غەلىتە نۇقتىدا، ھازىر كىشىلەرگە مەلۇملۇق بولغان بارلىق ئىلمىي قانۇنىيەتلەر ئۈنۈمىنى يوقاتقان.



قـۇيـاشتىن 2 ھەسسە چوڭ تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئۆزىدىكى يادرو ئېنېرگىيىسىنى خورىتىپ بولغاندا، ئۆزىدىكى تارتىشش كۈچى تەسىرىدە قورۇلۇشقا باشلايدۇ، ئارقىدىن تارتىشش كۈچى چوڭىيىپ، قېچىش سۈرئىتى نۇر تېزلىكىگە يەتكەندە، نۇر تارتىشش كۈچى مەيدانى تـەرىپىدىن تارتىلىپ، بىر قارا ئۆڭكۈر شەكىللىنــــدۇ.

1974 ـ يىلىغا قەدەر خاۋكىڭ يەنىلا ئۆزى تـامـاق يېيـەلـەيتتـى ۋە كارىۋاتقا چىقىپ ـ چۈشەلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلاشقان. 1985 ـ يىلى ئۇ كارنايىنى تېشىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. كەسىپداشلىرى ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىغا بىر دانە ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن تاۋۇش بىرىكتۈرگۈچ ئورنىتىپ بەرگەن. ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مىنۇتىغا 15 سۆزلۈك سـۈرئەت بىلەن ئىلمىي ماقالە يازغان. ئۇ ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت خىزمەت قىلغان. 1975ـ يىلى ئۇ «ئالەمنىڭ چېگرىسى شارائىتى» دېگەن ئەسىرىنى تاماملىغان.

ستېفېن خاۋكىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ نـىسپىيلىك نەزەرىيىسى ئالىمى ۋە كوسمولوگقا ئـايلاندى. ئـۇ پېنروس بىلەن 1988 ـ يىللىق ئـامېرىـكا ۋولف فىزىكا مـۇكاپـاتىدىن ئورتاق بـەھرىـمـەن بـولدى. ئـۇ ھـازىـر كېـمبرىـج ئـۇنىـۋېـرسـىتېـتىدا پروفېسسورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتۈمەكتە.

خـاۋكىڭ بۇ كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغان: ئەگەر بىز ھەقىقەتەن بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيىنى بايقىساق، ئۇنى ھەممە ئادەم ئادەتتىكى قـانۇنىيەت بويىچە چۈشىنەلىشى كېرەك... ئەگەر بىز بۇنىڭ جاۋابىنى تاپساق، ئۇ ئىنسانىيەت ئەقىل-پـاراسـىتـىـنـىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى بولۇپ قالغۇسى. (04)

(«بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلىدىن، تۇرسۇنگۈل تەييارلىغان)

## مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

**چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىپ مېھمان قوبۇل قىلماسلىق.** فرانسىـيـە يـازغـۇچىسى ۋىكتورگيوگو بىرەر ئەسەرگە تۇتۇش قىلغاندا ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەن. بىراق، ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مۇنداق بىر ئەپچىل چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ، يەنى چاچ ۋە ساقىلىنىڭ يېرىمىنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ، دوستلىرى كـەلگەندە ئۆزىنىڭ كۈلكىلىك تۇرقىنى كۆرسىتىپ، ھـەر خىل كۆرۈشۈشلەرنى سىلىق رەت قىپتۇ، چاچ ۋە ساقاللىرى ئۆسۈپ تەگلەشكەندە ئۇنىڭ ئەسىرىمۇ غەلبىلىك پۈتۈپتۇ.

**كـىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەسىيەت.** ئاتاقلىق مۇزىكا پىرى چايكوۋسكىي ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى يېزىپ قويغان: «مەن ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم شېكسپىر درامىسىنىڭ ئارتىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىتىم، ئەپسۇس، مەندە ئارتىسلىق قابىلىيىتى كـەمچىل بولغاچقا، ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، باش سۆڭىكىمنى كېسىپ ئېلىپ، ئىسكىلىت ياساپ، ھاملېت درامىسىنىڭ سەھنە جابدۇقى قىلىڭلار. شۇندىلا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن شېكسپىر درامىسىدا رول ئالغان بولىمەن».

**چىۋىن ئۆلتۈرۈش.** بىر قېتىم چارلىز چاپلىن كىنو سېنارىيىسى كۆرۈۋاتقاندا، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بىر چىۋىن ھەدەپ ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە ۋىڭىلداپ ئۇچۇشقا بـاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىۋىن پالقىنى ئېلىپ، نەچچە قېتىم ئۇرۇپمۇ ئۆلتۈرەلمەپتۇ. ئاخىرى بىر چىۋىن چاپلىننىڭ ئالدىغا كېلىپ قونۇپتۇ. چاپلىن ئۇ چىۋىننى ئـۇراي دەپ تـوختـاپ قـاپتۇ. ئۇ ھېلىقى چىۋىنغا ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەپسۇسلانغان ھالدا: «بۇ بايىقى چىۋىن ئەمەسكەنغۇ» دەپتۇ.(04)

(تۇرسۇنگۈل . ت)

## دۇنيا ئىختىساسلىقلار رىقابىتى - قان تۆكۈلمەيدىغان ئۇرۇش

21- ئەسىرگە يۈزلەنگەن خەلقئارا ئىستراتېگىيىلىك تالىشىش — ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىختىساسلىقلارنى پائال كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، جەلپ قىلىش، كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى. ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش جەھەتتە، قان تۆكۈلمەيدىغان ئۇرۇش پارتلىدى. نۆۋەتتە، دۇنيادا ئىختىساسلىقلار ۋەزىيىتىدە، كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە 3 مۇھىم ئامىل بارلىققا كەلدى. بىرسى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىككىنچىسى، خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچەيدى. ئۈچىنچىسى، يەر شارىدىكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ 3 ئامىلنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن رولى دۇنيا ئىختىساسلىقلار ۋەزىيىتىدە مۇرەككەپ ۋە كەسكىن ھالەت پەيدا قىلدى.

ئامېرىكا — دۇنيادىكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت. ئۇنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. يۇقىرى پەن-تېخنىكا كۈچىگە ئىگە. ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكىغا سالغان خىراجىتىنىڭ ئومۇمىي سانى ياپونىيىنىڭ سالغان خىراجىتىنىڭ 3 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، ياپونىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق 4 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي پەن-تېخنىكا خىراجىتىدىنمۇ ئارتۇق.

ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىسسېرتاتسىيىسى دۇنيا بويىچە 3/1 نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئېرىشكەن ئامېرىكا پاتېنتى دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر پاتېنتىنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ كۆپ. شۇڭا ئامېرىكا دۇنيادا ئىختىساسلىقلارغا نىسبەتەن ئەڭ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، خەلقئارادا ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش جېڭىدە پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. دۇنيادىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق كۆچمە تېخنىكىلىق ئىشچىلاردىن ئامېرىكىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنى 6 مىليوندىن ئارتۇق. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى چەت



ئەل تەۋەلىكىدىكى ئامېرىكىلىقلار. 1990- يىلى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ھەر يىلى ئالىم، ئىنژېنېرلاردىن بولۇپ، 85 مىڭ كۆچمەننى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا قانۇن لايىھىسى ماقۇللىغان. بارلىق قانۇن لايىھىلەردە مەلىكىلىك بولمىغان ئىشچىلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشى قاتتىق چەكلەنگەن.

دۇنيا ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش جېڭىدە ياۋروپا ۋە ياپونىيە ئامېرىكا بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچكە ئىگە. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىپلا قالماستىن، ئامېرىكىدىنمۇ ئىختىساسلىقلارنى تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىختىساسلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ھەرقانچە زور چىقىمغىمۇ قارىمايدۇ.

ياپونىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي خىيالى تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەت قۇرۇشتىن «تېخنىكىنى يەر شارىلاشتۇرۇش» ۋە «كارخانىلارنى يەرشارىلاشتۇرۇش»نى يولغا قويۇشقا قاراپ مېڭىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئىستراتېگىيىگە ئاساسەن، ئۇلار ئىختىساسلىقلارنى ئۆز دۆلىتىگە جەلپ قىلىشقىلا يېپىشىۋالماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ئېچىش مەركەزلىرىنى ۋە تېخنىكا كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىپ، دۇنياۋى ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىپ، يەر شارىدىكى ئەقلىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقتا. ياپونىيىنىڭ تېخنىكىسى ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسىغا يېتىش، تېخنىكىنىڭ يېڭى ئېقىمىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ياپونىيە ھازىر ئامېرىكا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە 276 تەتقىقات مەركىزى قۇرغان. ياپونىيە كارخانىلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى قىتئەلەرنى قاپلىدى. يەنە بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ئاساسلىق نىشان قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلەتمەكتە. ئۇلار بىر ياقتىن زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرمەكتە ۋە تۇراقلاشتۇرماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەۋزەل شارائىت ئارقىلىق چەت ئەللەردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلماقتا. كورىيە 7 مىليون مەبلەغ سېلىپ، يېڭى تېخنىكىنى ئېچىپ 200 مىڭ نەپەر ئالدىنقى قاتاردىكى زاپاس تېخنىكا كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىدى. سىنگاپور ئىلگىرى چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشكە تايىنىپ، دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەن ئىدى. ھازىر بولسا يۇقىرى تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئەقلىي قابىلىيەتكە تايىنىپ قۇرۇشقا يۆتكەلدى. ئۇلار ھەر يىلى چەت ئەللەردىن 10 مىڭ نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ يۇقىرى تېخنىكىنى ئېچىشنى پىلانلىدى. تەيۋەن ئۆلكىسىمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدا سىياسەت ئارقىلىق جەلپ قىلىپ، 60-، 70-يىللاردا چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن ئىختىساسلىق خادىملارنى كەڭ كۆلەمدە ئارالغا قايتۇرۇپ كېلىپ خىزمەت قىلدۇرماقتا.

دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى - دۇنيا ئىختىساسلىقلار ۋەزىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك يۈزلىنىشنى مەيدانغا كەلتۈردى:

1. ئىختىساسلىقلارنىڭ خەلقئارا يۆتكىلىشى جانلانماقتا، نۆۋەتتە، قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئاساسەن ئامېرىكىغا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ قۇتۇپقا قاراپ ئاقماقتا.

2. دۇنيا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كاپىتال، تېخنىكا، ئۇچۇر ۋە تۈرلۈك

مـاددىـي بايلىقلار ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان سـۈرئـەت بىـلـەن دۇنيا دائىرىسىدە ئاقماقتا ۋە يـۆتكـەلـمـەكتـە. ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان بىردىنبىر نەرسە ـ بىر دۆلەت خەلقىنىڭ ساپاسى. بولۇپمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي، تېخنىكا سـەۋىـيـىـسـى. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەر مىللىي مائارىپنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش ئارقىلىق پۈتۈن ئـىشچـى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمەكتە. كىشىلەر بۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىقنى ساقلاپ ئـۇستـۇنلـۇكنى ئىگىلەشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئـىـكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ تۇرلۇك مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ئـۈچـۈن پـۇختـا ئـىجتـمـائىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

3. كـەلگـۈسـىدىكى ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ھـەربـىـي ئـىشلار تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە سـىـيـاسـىـتـىـنـى تـەڭـشـەش ئارقىلىق، يۇقىرى پەن-تېخنىكىغا ئىگە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۇرۇش ۋە ئېچىشنى پەن-تېخنىكا نـەتـىـجـىـلـىـرىـدە ۋاسـىـتـچى ئىختىساسلىقلارغا ئـايلاندۇرۇپ، ئـىـخـتـىـسـاسـلـىـقلار تـىـجـارىـتـىـنى بـاشقۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي تـەتقىقات ۋە ئىختىساسلىقلار تەتقىقاتىنى ئەمەلىي قوللىنىشنى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلىپ تۇتۇپ، تىپلىق ئـىـخـتـىـسـاسـلـىـقلارنى يېتىشتۇرۇپ، ئـىـخـتـىـسـاسـلىـقلارنى گىرەلەشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى كۆپلىگەن ئىختىساسلىقلارنى ئاساسىي ئىقتىسادىي جەڭ مەيدانىغا جەلپ قىلماقتا. بۇ خىل سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە زور بىر تۈركۈم ئىجادىي روھقا باي ياش ئىختىساس ئىگىلىرى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تـەرەققـىـيـات ئـىشلىرىدا ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە كۈچلەردىن بولۇپ قالدى.

4. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاساسەن ئـىـگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بولۇپ كـەتكـەچكـە، مـەنىـۋى سەپتە، ئوخشىمىغان دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. بۇنداق يەككە ھالدىكى ماددىي بايلىق قـوغلـىشـىش، ئـۇنـىـڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي تـۇرمـۇشتـىـكى خىلمۇ خىل سەلبىي ئامىللار قوشۇلۇپ، (مەسىلەن، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك، خۇراپاتلىق، پۇلغا چوقۇنۇش ۋە ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەش، ئىلمىي پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى، جىنسىي شـاللاقلـىـق قـاتـارلـىـقلار) مـۇئـەييەن ھالدا ئـىـختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەل قـاراشقـا بـولـمـايدىـغـان دەرىجىدە پاسسىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. بەزى تەتقىقاتچىلار: «باي دۆلەتلەر ئىختىساسلىقلارنى ئاڭلىق ھالدا قـوبـۇل قىـلـدى. نـامرات دۆلـەتلـەر بولسا، ئـىـختىساسلىقلارنى ئىستىخىيىلىك ھالدا چەتكە قـاقتـى»، بۇ ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇشتا قـانۇنىيەتكە ئايلىنىپ قالدى، «ئۆسمۈرلەرنىڭ يـۆلـىنىشلىشى، ياشلارنىڭ ئىستېمال قىلىشى، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ رايىنىڭ يېنىپ كېتىشى، قېرىـلارنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشى» كەلگۈسى دۇنياغا يۈزلەنگەن يەنە بىر خەۋپلىك مەنزىرە، «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ كۇنسايىن ئازلاپ بېرىشى، ئېـتـىـقادنىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىشى، ئادەتتىكى ئامىللارنىڭ تەرتىپسىز ھالدا كېڭىيىپ كېـتـىـشـى، يـاشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى» ئىختىساسلىقلار ساھەسىدە خـەۋپلـىك ھـالـەتنـى شەكىللەندۈردى، دەپ كۆرسەتتى. (04)

«جوڭگو پەن-تېخنىكا گېزىتى»دىن
(مورتىزا ۋايىس . ت)

# تاماق بىلەن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

زۆھرەم قىيار

زەھەرلىك ماددىلار بولغان تاماقلارنى يېگەندە، ئادەم زەھەرلىنىدۇ ۋە ئۇنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

**1. مىكروبلۇق تاماقلار بىلەن زەھەرلىنىش.** كېسەل قوزغىتىدىغان مىكروپلۇق يېمەكلىكلەردىن: بۇزۇلغان كۆكتات، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن ھايۋانات گۆشى، ئېچىپ قالغان تاماق، قورۇما، چۈشىن قونغان تاماق، توڭلاتقۇدا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېگەندە، ئادەم زەھەرلىنىدۇ.

**2. زەھەرلىك يېمەكلىكلەر بىلەن زەھەرلىنىش.** زەھىرى بار ھايۋانات گۆشى، ئۆسۈملۈكلەر مېيى، بېلىق تۇخۇمى، كۆك بېلىقنىڭ تۇخۇمى، زەھەرلىك موگۇ، ياۋا سەۋزە، قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېگەندە، ئادەم زەھەرلىنىدۇ.

ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن زەھەرلىنىش بەلگىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ياز، كۈز پەسلىدە پاكىز بولمىغان تاماقلارنى يېگەندە، كېسەللەردە، 1 سائەتتىن 6 سائەتكىچە بولغان ۋاقىتتا، قۇسۇش، قىزىش، كىندىك ئەتراپى ئاغرىش، كۆڭۈل ئاينىش ۋە ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، كېسەللەرنىڭ كۈنىگە نەچچە ئون قېتىم ئىچى سۈرىدۇ، تەرىتى سۇدەك كېلىدۇ. ئايرىم كېسەللەرنىڭ چوڭ تەرىتىگە قان، يىرىڭ ئارىلاشقان بولىدۇ. ئېغىرلاشقاندا، كۆرۈنەرلىك سۇ يوقىتىپ، ھوشسىزلىنىشى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئادەتتە كېسەللىك ئالامەتلىرى 1 كۈندىن 3 كۈنگىچە بولغان ۋاقىتتا يوقايدۇ. بۇ كېسەلنى ۋابا، ئىككىنچى ۋابا ۋە مىكروبلۇق قان تولغاق كېسەللىكلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

1. كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە، ئالدى بىلەن بەلگىلىرىگە قاراپ چارە كۆرۈپ، ئاندىن يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا كۆرسىتىپ، داۋالىتىش كېرەك.

2. زىيانلىق دەپ گۇمان قىلغان يېمەكلىكنى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن يېمەكلىكنى، يېمەسلىك كېرەك.

**3. مىكروبلۇق يېمەكلىكلەر بىلەن زەھەرلىنىش.** مىكروبلۇق يېمەكلىكلەر بىلەن زەھەرلەنگەن كېسەللەر قايناق سۇغا ئاز مىقداردا تۇز تېمىتىپ ئىچىپ بېرىشى كېرەك.

ئالدىنى ئېلىشتا، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا دىققەت قىلىپ، 4 ئىشنى قىلىش، 4 نى قىلماسلىق، 2 دىن ساقلىنىش لازىم.

4 نى قىلىش دېگىنىمىز، يېمەكلىك يېگى بولۇش، يېمەكلىكەرنى ياخشى تۇتۇش، ياخشى قاينىتىش، تاماق ئەسۋابلىرىنى پاكىز يۇيۇشتىن ئىبارەت.

4 نى قىلماسلىق دېگىنىمىز، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، بۇزۇلغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكنى يېمەسلىك، ئىلگىرى يەپ كۆرمىگەن ياۋا مېۋە ۋە ئېچىپ قالغان تاماق، قورۇمىلارنى يېمەسلىك، ياخشى پىشۇرۇلمىغان گۆش، تاماق، قورۇمىلارنى يېمەسلىك، قايناتمىغان كالا سۈتى ۋە خام سۈتنى ئىچمەسلىك، چۈشىن قونغان يېمەكلىكنى يېمەسلىك كېرەك.

2 دىن ساقلىنىشتا، ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان، چاشقان ئۆلتۈرىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئۇقۇشماسلىقتىن يەۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.(05)



# كىتاب ئوقۇغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

★ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ★

روسىيە يازغۇچىسى گېرتسېن ئالېكساندىر مۇنداق دەيدۇ: «كىتابلار بىر ئەۋلادنىڭ يەنە بىر ئەۋلادقا قالدۇرىدىغان مەنىۋى ۋەسىيىتى. ئۆمرى تۈگىگەن قېرىنىڭ ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم قويۇشقا باشلىغان ياشلارغا نەسىھىتى. دەم ئېلىشقا ئاتلانغان قاراۋۇلنىڭ نۆۋەتچىلىكتە تۇرغان قاراۋۇلغا بەرگەن بۇيرۇقى...».

دېمەك، كىتاب ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. بىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق مېڭىمىزنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرىمىز، جەمئىيەتنى ۋە ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشلىرىمىزگە كىتابتىن مەسلىھەت ۋە مەدەت ئالىمىز. كىتاب نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، دۇنيا قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئىستىقبالىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىتاب بىزگە بەدىئىي زوق، خۇشاللىق ئاتا قىلالايدۇ. ئىنسان كىتابقا سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا ئوخشاشلا مۇھتاج.

ئۇنداقتا، كىتاب ئوقۇغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

**1. كىتابنى تاللاپ ئوقۇش لازىم.** بېلىنىسكى: «ئۆزىنىڭ ئوقۇشىغا ماس كەلمەيدىغان بىرەر كىتابنى ئوقۇپ چىقىش، ئوقۇمىغاندىن يامان. بىز ئەڭ قىممەتلىك، ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئوقۇشلۇقنى تاللاشتەك مۇشۇنداق بىر خىل ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك» دېگەنىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتچىسى ئېدىسون ياش چېغىدا كىتابخانىلارغا كىرىپ، كىتاب جازىسىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقاتتىيۇ، لېكىن جىق كىتاب ئوقۇغىنى بىلەن ئانچە كۆپ ئۇنۇم ئالالمايتتى. كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ھەۋىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئېلېكترولوگىيىنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش نىشانى قىلىپ بېكىتىپ، ئاخىرىغىچە ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق ئالىم بولۇپ يېتىلىپ، پۈتۈن ئۆمرىدە 1000 دىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتتى. ئەگەر ئۇ دەسلەپكى چاغدىكىدەك ھەمىشە كىتاب قايىنىمىدا لەيلەپ يۈرگەن بولسا، يولدىن ئېزىپ ئىشنى ئاقسىتىپ قويغان بولاتتى.

بىز ئېدىسوننىڭ كىتاب ئوقۇپ يېتىلىش جەريانىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمىز، كەسپىمىز، ھەۋىسىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشىمىز لازىم.

**2. كىتاب ئوقۇغاندا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش كېرەك.** ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى بورك: «كىتاب ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلمىغانلىق، تاماق يەپ ھەزىم قىلمىغانغا ئوخشاش» دېگەنىدى. بۇ تولىمۇ جانلىق ۋە دەل ئوخشىتىش. كىتاب ئوقۇغاندا ئۇنى بىلىمىمىزنى ئاشۇرۇشنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ،

ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئوقۇشىمىز لازىم.

بەزى ياشلار تولاراق كىتابنىڭ قىزىق، قىزىق ئەمەسلىكى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزى قىزىق دەپ قارىغان كىتابلارنى ناھايىتى تېزلا ئوقۇپ تۈگىتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە پەقەت ئاجايىپ- غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ كۆلەڭگىسىلا قالىدۇ. بولۇپمۇ يېزىقچىلىقنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان ھەۋەسكار ياشلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقىشنى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەريانى، كەسپىي بىلىمنى ئاشۇرۇش جەريانى قىلىش كېرەك. ئالايلى، بىرەر رومانىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىكى ۋەقەگىلا بېرىلىپ كەتمەستىن، ئەسەرنىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى، ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە يېتەرسىزلىكى ئۈستىدە توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش لازىم.

**3. بەزى كىتابلارنى تەكرار ئوقۇش لازىم.** كىتابلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى، سەۋىيىسى، يېزىلىش ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كىتابلارنى بىر قۇر ئوقۇپلا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن بەزى كىتابلارنى بىر قۇر ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېنىن «تۈنجى كىتاب ئوقۇغاندا چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى كېيىن ئوقۇغاندا چۈشەنگىلى بولىدۇ» دېگەنىدى.

كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەت بىلىم ئىگىلەشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، بەزى كىتابلارنى ئالدىراپ بىر قۇر ئوقۇپلا قويساق، كاللىمىزدا ھېچنېمە قالمىسا ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ شۇڭا بەزى كىتابلارنى تەكرار ئوقۇش، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزنى پىششىقلاشقا، چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا پايدىلىق.

**4. كىتاب ئوقۇغاندا خاتىرە يېزىش لازىم.** كىتاب ئوقۇغاندا خاتىرە يېزىپ مېڭىش ئۇسۇلى كىتابنىڭ روھىي ماھىيىتىنى، جەۋھىرىنى ئىگىلىۋېلىشتا ئىنتايىن پايدىلىق ئۇسۇل. ماركسنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، ئۇ «كاپىتال»نى يېزىۋاتقان چېغىدا ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ 1400 نەچچە خىل كىتاب ئوقۇپ چىقىپ، ھەممىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى توپلاپ يېزىپ 100 دىن ئارتۇق خاتىرە دەپتەرنى لىقمۇلىق تولدۇرغانىدى.

خاتىرە يېزىش ماتېرىيال يىغىشنىڭ ياخشى ئامبىرى، ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى. شۇڭا كىتاب ئوقۇغاندا خاتىرە يېزىشقا سەل قارىماسلىق لازىم.

**5. كىتاب ئوقۇغاندا كىتابۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم.** لۇشۈن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە: «كىتابنىلا ئوقۇۋېرىشمۇ بىر ئىللەت ئىكەن». كىتاب ئوقۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى «رېئال جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، كىتابنى جانلىق ئوقۇش كېرەك» ئىكەن. ئۇ «ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، دۇنيادىن ئىبارەت بۇ جانلىق كىتابنى ئوقۇپ چىقىش كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. بەزىلەر كىتاب دۆۋىسىگە كۆمۈلۈۋېلىپ، جاھاندىكى ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ كىتاب ئوقۇشتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋال. ئەگەر بىز تۇرمۇشنى 5 قولدەك بىلمىسەك، كىتابنى چۈشىنىشىمىزمۇ قىيىن بولىدۇ.

دەۋر ئۈزلۈكسىز ئالغا باسىدۇ، يېڭى شەيئىلەر داۋاملىق مەيدانغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قىلىپ باقمىغان، كىتابلاردىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. شۇڭا بىز بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا كىتابىي بىلىمگىلا بېرىلىپ كەتمەي، يېڭى مەسىلىلەرنى رېئال تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. (04)

(ئېزىز فىيلىم فوتوسى)

# «ئۇت» بىلەن ئوينىشىدىغانلار سەمىگە

مۇرات مەتنىياز

سىچۇەندىكى مەلۇم بىر شەھەر باشلىقىنىڭ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىپ، خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە جازالانغانلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. بۇ ئىش پارتىيىمىزنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىدا سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى، ئۆزىنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان مىكروبلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ شەھەر باشلىقى گويا جۆيلىگەندەك: «مېنى مۇشۇ شەھەر باشلىقلىق ئورنى كاردىن چىقاردى، ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولمىغان بولسام، بۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بولاتتىم!» دېگەن. قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك - ھە؟! چۈنكى بىر ئادەمنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش- ئۆتكۈزمەسلىكى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئەكسىچە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەتلىك. ئىسمى- جىسمىغا لايىق پارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھوقۇق، پۇل، ئويۇن - تاماشا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تاشقى سەۋەب بولسا، شەخسنىڭ ساپاسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ھوقۇققا بولغان تونۇشىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىچكى سەۋەبىدۇر. ئەسلىدە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزگىرىپ، دۆلەت ۋە خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان زىيانداشقا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب — تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىپ، ھوقۇق، پۇل ۋە ھارام دۇنياغا ئېرىشىشنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە مەقسىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىدىن بولغان.

«نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك ئاشۇ خىل يامان نىيەت ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەمەلدارنىڭ ئاقىۋىتىدەك بولىدۇ، خالاس. چۈشىنىپ قونۇپ قېلىشتىن قورقماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بەدەننى «جاراھەتلەندۈرۈۋالماسلىق» كېرەك. رەھبەرلەر پاك- دىيانەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلەپ تۇرۇشى، يەنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىسى بولغان يولداش كۆڭ فەنسېندەك ئۆزىنى پارتىيە نىزامنامىسىدىن ئىبارەت «رېنتگېن»گە ۋاقتى - ۋاقتىدا سېلىپ تۇرۇشى لازىم. چۈنكى خەلق بەرگەن ھوقۇق گويا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان «ئۇت»قا ئوخشايدۇ. ئۇ توغرا ئىشلىتىلسە، دۆلەت ۋە خەلق ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىدۇ، ئىشلەتكۈچىمۇ «ھارارەت» ئالىدۇ. ئەگەر كىمدە كىم بۇ «ئۇت» بىلەن ئويناشسا، دۆلەت ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ «بىباھا جېنى»نىمۇ كۆيدۈرۈپ قويىدۇ، خالاس.(08)



تۇرمۇش سلىھەتچىسى
گېزىتى
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى
1998 - يىل
ئىيۇل
(ئومۇمىي
116 - سان)

## چىش پاستىسنى يەپ سالماڭ

تېببىي ساھەسىدىكىلەر كۆپ يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى بايقىدىكى، چىش پاستىسى قورساق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ قالسا، بەزى كىشىلەردە قىسمەن ئۇچەي يالۇغلىنىشنى پەيدا قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش، قىزىتىش، قۇۋۋەت تۇسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چۈنكى چىش پاستىسىدىكى سۈرگۈچى دورا ئاساسلىقى فوسفاتلار، كالتسىي كاربونات ۋە ماگنىي كاربوناتلاردىن تەركىب تاپىدۇ، بەزىلىرىدە لەيلىگۈچى تاش، سۇسىز دى كالتسىي فوسفات، سىلتسىي قاتارلىقلار سۈرگۈچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا چىش پاستىسى بىلەن چىش يۇيغاندا، ئېغىزنى كۆپرەك چايقاپ، ئېغىزدىكى چىش پاستىسىنىڭ قالدۇقىنى پاكىز چىقىرىۋېتىپ، قورساققا كىرىپ كېتىپ، سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇندىن باشقا، ئىشلىتىدىغان چىش پاستىسىنىڭ تۈرىنى ئايدا بىر خىل ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

(02) (نېغمەت. ت)

## كىر يۇيۇش پاراشوكىنى...

بىز ئادەتتە بەك مەينەت بولۇپ كەتكەن كىرلەرنى يۇيغاندا كىر يۇيۇش پاراشوكىنى كۆپرەك سېلىشقا ئادەتلەنگەن، شۇنداق قىلغاندا كىرنى پاكىز يۇيغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ، پاراشوكنى كۆپ سالغاندا، پاراشوكنىڭ كىر چىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. چۈنكى ھەددىدىن ئارتۇق كىر يۇيۇش پاراشوكى مەينەت سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغاندا، ئۇنىڭ كىيىم تالاسى قۇرۇلمىسىنىڭ ئارىسىدىكى كىرلەرنى چىقىرىش رولى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئۇندىن باشقا سۇ ئىچىدىكى كىر يۇيۇش پاراشوكىنىڭ ئېرىش دەرىجىسى تويۇنغاندىن كېيىن ئارتۇق كىر يۇيۇش پاراشوكى ئېرىمايدۇ، بۇنىڭدا سۇنى يەڭگۈشلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كىرنى پاكىز يۇيغىلى بولىدۇ. (02) (نېغمەت. ت)

## بىلىۋېلىڭ

1) كاپوستا (لاگخابى): تەركىبىدە ۋىتامىن ب بار، چوڭ مېڭە چارچاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2) پۇرچاق (دادۇر): تەركىبىدە خولېتېلىن ۋە مول ئاقسىل بار، ھەر كۈنى مەلۇم مىقداردا پۇرچاق ياكى پۇرچاقتا ياسالغان يېمەكلىكلەرنى يەپ بەرسە، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

3) كالا سۈتى: تەركىبىدە ئاقسىل ۋە كالتسىي بار، ئۇ چوڭ مېڭىگە كېرەكلىك تۈرلۈك ئامىنو كىسلاتاسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، كۈندە ئىچىپ بەرسە، چوڭ مېڭىنى جانلاندۇرىدۇ.

4) بېلىق: تەركىبىدە مول ئاقسىل ۋە كالتسىي بار، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى بار. ئۇ خولېستېرىننى پارچىلاپ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

5) تۇخۇم سېرىقى: تۇخۇم سېرىقىدا خولېتېلىن، خولىن قاتارلىق چوڭ مېڭىگە كېرەكلىك ماددىلار بار بولۇپ، چوڭ مېڭىنى جانلاندۇرىدۇ.

6) ئۆرۈك: تەركىبىدە مول ۋىتامىن A، C بار بولۇپ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، مېڭىگە قاننى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

(02)

(نېغمەت . ت)



## ئۆيدە چىراغ ئىشلەتكەندە...

△ غىزالانغاندا چىراغ نۇرى ئەڭ ياخشىسى ئۈستىگە تىك چۈشكەن بولۇشى، غىزالانغۇچىلارنىڭ كۆزىگە چۈشمەسلىكى، نۇر بەك كۈچلۈك بولماسلىقى لازىم.

△ ئۇخلىغاندا سۇس، يۇمشاق نۇردا ئادەم ئاسان ئۇخلايدۇ، بەك يورۇق بولۇپ كەتسە، جىمجىتلىق كەيپىياتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، يورۇقلۇقنى قايتۇرۇش ئۈسكۈنىنى قوللانسا، بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ. يازدا 40 ۋاتلىقتىن يۇقىرىراق چۈيزىرەڭ چىراغنى ئىشلەتسە، پاشا قورۇش رولىنى ئوينايدۇ.

△ پەرداز قىلغاندا يۆلىنىشلىك يورۇتۇش ئۈسكۈنىنى قوللىنىپ، كىچىك تام چىرىغىنى ئەينەكنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇش كېرەك. كۆزنىڭ ئاستى تەرىپىگە سايە چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، چىراغنى ئۈستى تەرەپكە قويماسلىق لازىم.

تېلېۋىزور كۆرگەندە چىراغ نۇرى تېلېۋىزورنىڭ يېنىدىن ياكى يەر يۈزىدىن



بېرىلسە، تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ ئادەم كۆزىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن، ھەمدە چىراغ نۇرىنىڭ ئېكرانغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

△ ئاشخانىغا كىچىك، ئەمما يورۇق لامپۇچكا ئىشلەتسە ئۈنۈمى ئوبدان بولىدۇ. (02)

(نېمەت . ت)

## تۇخۇمنى توڭلاتقۇغا سالغاندا...

يېڭى تۇخۇمنى سېتىۋېلىپ، شۇپېتىلا توڭلاتقۇغا سېلىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى تۇخۇم شاكىلىدا نۇرغۇن مىكروبلار بولىدۇ، تۇخۇم شاكىلىدىكى تەرەت يۇقى، قان دېغى ۋە باشقا پاسكىنا داغلاردىكى مىكرو جانلىقلارنىڭ بۇلغىنىشى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. توڭلاتقۇنىڭ ساقلاش بېرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى (ئادەتتە 4 ℃) مىكرو جانلىقلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشىنى چەكلەپ قالالمايدۇ، شۇڭا توڭلاتقۇدىكى باشقا يېمەكلىكلەرنى بۇلغاپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى تۇخۇمنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن تەرەت يۇقى ۋە قان يۇقى بار تۇخۇملارنى تاللىۋېتىپ، پاكىز تۇخۇملارنى يېمەكلىك خالتىسىغا سېلىپ ئاندىن توڭلاتقۇغا سېلىش، پاسكىنا تۇخۇملارنى يۇيۇپ، ئايرىم قويۇش لازىم. (02)

(نېمەت. ت)

## ياز كۈنلىرى...

تېرىنىڭ ئازىراق يېرى زىمخىلەنسە ياكى ئىششىپ قالسا، چىش پاستىسى سۈركەپ قويسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قاننى توختىتىدۇ، ئىششىقنى پەسەيتىدۇ ھەم ياللۇغلىنىشتىن ساقلايدۇ.

پاشا، ھەرە، چايان، ئېشەك چىقىۋالسا، چېقىۋالغان يەرگە چىش پاستىسى سۈركەپ قويسا، قىچىشىش ۋە ئاغرىقنى توختىتىدۇ، قاننى سوۋۇتۇپ، ئىششىقنى پەسەيتىدۇ.

يازدا ئاسان تەمرەتكە بېسىپ كېتىدۇ، تەمرەتكە چىققان جاينى پاكىز يۇيۇپ، سۈرتۈپ قۇرۇقداپ، دورىلىق چىش پاستىسىنى داۋاملىق سۈركەپ بەرسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

دورىلىق چىش پاستىسىنى ئاسپىرىن دورىسى (ئۇۋۇتۇپ) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قىچىشقاق چىققان يەرگە ئۇدا سۈركەپ بەرسە، قىچىشقاق ساقىيىدۇ.

ياز كۈنلىرى كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ۋە يېڭىدىكى تەر دېغىنى ئاسان يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدۇ، بۇ يەرلەرنى ئازراق چىش پاستىسى بىلەن يۇيسىڭىز ئاسان چىقىدۇ.

قول ياغلىقىڭىزنى چىش پاستىسى بىلەن يۇيۇپ يېنىڭىزغا سېلىۋالسىڭىز، يۈز ـ كۆزلىرىڭىزدىكى تەرنى سۈرتكەندە، تەر پۇرىماستىن، مەززىلىك چىش پاستىسى پۇرايدۇ. (02)

(نېمەت . ت)

## كەيپىڭىز ئۇچقاندا تاماكا چەكمەڭ

كەيپى ئۇچقاندا تاماكا چەككەن ئەرلەرنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇش خەۋپى باشقا تاماكا چەككۈچىلەرنىڭكىدىن 3 ھەسسە، تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭكىدىن 20 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كەيپىيات تۆۋەن بولغاندا ئادەم تېنىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز بولىدۇ ـ دە، بەزى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەمنىڭ كەيپى ئۇچقاندا، تاماكىنى بەكرەك چېكىپ قويىدۇ، سۈمۈرگەن زىيانلىق ماددىلار كۆپرەك بولىدۇ ـ دە، ئۆپكە راكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى ئاشىدۇ. (02)

(نېمەت . ت)









(هۆسنخەتلەرنى ئەنۋەر روزى يازغان)



# كىچىك پلانېتلار — يەر شارىنىڭ

## ئاپەت مەنبەسى

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئامېرىكا ئاسترونومىيە ساھەسى دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئىشنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى مۇنداق: 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، خوف سىمىسسىن ئىلىم - پەن جەمئىيىتى ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى مەركىزىدىكى ئاسترونوم بىرايىن ماستىن ئۆزىنىڭ ھېسابلىشى ئارقىلىق دىئامېتىرى 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر كىچىك پلانېتىنىڭ 2028 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26- كۈنى يەر شارىغا يېقىنلىشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ ئەڭ يېقىن ئارىلىقىنىڭ 48 مىڭ كىلومېتىر بولىدىغانلىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ماستىن يەنە بۇ كىچىك پلانېتىنىڭ يەر شارىغا سوقۇلۇش ئېھتىماللىقى گەرچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ مۇمكىنچىلىكنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.



بۇ گەپنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دەرھاللا ئوخشاش كەسىپلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. يېڭى مېكسىكا شتاتى لوس ئالاموس تەجرىبىخانىسىدىكى ئاسترونوم شىرس ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ كىچىك پلانېتقا قارىتا ھېسابلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىر 1997 × F11 نومۇرلۇق كىچىك پلانېت ئىكەنلىكى، ناۋادا ئۇ كەلگۈسىدە يەر شارىغا سوقۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 60 مىڭ كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى، ھاسىل بولغان ئېنېرگىيىنىڭمۇ خىروسىما ئارىلىغا تاشلانغان ئاتوم بومبىسىنىڭ 20 مىليون ھەسسىسىگە باراۋەر بولىدىغانلىقىغا ئېرىشتى. شىرس يەنە، ناۋادا ئۇ دېڭىز - ئوكيانغا چۈشۈپ كەتسە نەچچە يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى غايەت زور دولقۇن ھاسىل قىلىدىغانلىقى، ھەرقايسى چوڭ قىتئەلەرنىڭ قىرغاقلىرى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقى، دېڭىز بويى شەھەرلىرىنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ دېڭىز ساھىلىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى؛ ناۋادا ئۇ قۇرۇقلۇققا سوقۇلۇپ قالسا دىئامېتىرى ئاز دېگەندە 50 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ ئازگال پەيدا قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان چاڭ - توزان ۋە تۇماننىڭ بىر قانچە ھەپتە، ھەتتا بىر قانچە ئايغىچە قۇياشنى توسۇۋالىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىمۇ ئالدىن ھېسابلاپ چىقتى.

بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر خۇددى قىيامەت كۈنىنىڭ شەپىسى يېقىنلىشىۋاتقاندەك قورقۇنچ ۋە دەككە-دۈككىگە چۈشتى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى بۇ خىل كەيپىيات پەقەت بىر كۈنلا داۋاملاشتى. 19- كۈنى ئاسترونوملار قايتىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھېسابلاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، يېڭى

سانلىق مەلۇماتتا ئېنىق كۆرسىتىلىشىچە F11 × ھەرگىزمۇ تەھدىت پەيدا قىلالمايدىكەن، چۈنكى 2028 ـ يىلى ئۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ ئارىلىقى (ئەڭ يېقىن ئارىلىقى) ئەسلىدىكى 48 مىڭ كىلومېتىر بولماستىن، بەلكى 1 مىليون كىلومېتىر بولىدىكەن. گەرچە ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتىكى كىچىك پلانېتىلار بىلەن ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا، F11× يەر شارىغا ئەڭ يېقىن دېگۈدەك پلانېت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارىلىق يەنىلا بىخەتەر ئىكەن، ئۇنىڭ يەر شارىغا سوقۇلۇش ئېھتىماللىقىمۇ نۆل بولىدىكەن.

تەخمىنەن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى، ئامېرىكىدىكى ئارىزونا شتاتىمۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ يەردە غايەت زور مېتېئورىت ئازگىلى شەكىللەنگەن. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئازگال بىر تۆمۈر مېتېئورىتنىڭ سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى بىر كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 210 مېتىر كېلىدىكەن. ئەگەر ھازىرقى ۋاقىت بولغان بولسا، بىر شەھەرنى تامامەن ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىكەن. ئەڭ يېقىنقى ۋاقىتتىكى سوقۇلۇش 1908 ـ يىلى سىبىرىيىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، يەنى بۇ ئاتالمىش توڭگۇس چوڭ پارتلىشىدۇر.

2 يىل ئىلگىرى، ئاسترونوملار تويۇقسىز دىئامېتىرى 450 مېتىر كېلىدىغان بىر كىچىك پلانېتىنىڭ يەر شارىغا ئىنتايىن يېقىنلاشقانلىقىنى، پەقەت 4 كۈندىن كېيىن سائىتىگە 93 مىڭ كىلومېتىر تېزلىك بىلەن يەر شارىدىن 450 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. ئەگەر بۇ كىچىك پلانېت يەر شارىغا سوقۇلۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئېنېرگىيە مىقدارى ئامېرىكا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو بومبىلىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلىشىدىكەن. بۇ بىر قاتار ئىشلار ھەقىقىي خەۋپ ـ خەتەرنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئالدىن ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر خەۋپ ـ خەتەر راستتىنلا يېتىپ كېلىدىغان بولسا، ئۆزىمىزنى قاچۇرىدىغان قانداق ئاماللار بار؟ ئالىملار بۇ ھەقتە راكېتا ئارقىلىق يېرىم يولدا توسۇش ياكى پەقەت بولمىغاندا ئۇنىڭ ئوربىتىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ خىل ئۇسۇل ھەجىمى ئانچە چوڭ بولمىغان ھەم يەر شارىدىن ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغان ئاسمان جىسىملىرىغىلا بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن دىئامېتىرى 90 مېتىردىن چوڭ بولغان جىسىملارغا نىسبەتەن يادرو بومبىسىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر F11× 145 مىڭ كىلومېتىر ئېچىدىكى جايدا بولسا، ئۇنداقتا بىر قېتىملىقى مىليون توننىلىق قۇۋۋەتتىكى پارتلاشلا ئۇنى ئەسلىدىكى ئوربىتىسىدىن چەتنىتىۋېتەلەيدۇ. ئەگەر ئارىلىق قىسقىراپ ئەسلىدىكىنىڭ 10/ 1گە كەلسە، ئۇنداقتا پارتلاتقۇچ دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى 100 ھەسسە كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇللار تۆمۈرلەشكەن كىچىك پلانېتلارغا ماس كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ تاش بولۇپ قالسا پارتلاشتا ئۇششاق پارچىلارغا پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ پارچىلارمۇ ئوخشاشلا يەر شارىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ۋاقىت يار بېرىپ قالىدىغانلا بولسا، ئىنسانىيەت ماشىنىنا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ كىچىك پلانېتنىڭ تەركىبىنى ئانالىز قىلىپ بېقىشى مۇمكىن، لېكىن مەسىلىلەر كۆپىنچە، ئىنسانلارنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ. (02)

(مەمەتئىمىن ئابابەكرى. ت)

# ئېسىل مىللىي مىراسىمىز —
# غاز ئويۇنى

ئابدۇرېشىت ئوسمان

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «قاش» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قاش يېزىسىنىڭ بەرپا بولۇشى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

تارىختا، قاش ۋادىسى مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۆتكەن خاقان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) نىڭ يازلىق ئوردىلىرىدىن بىرى بولغان. ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى قاش قارا باغ يېزىسى ـ ئاپراسىياپ ۋە ئۇنىڭ قىزى قاز مەلىكە (غاز مەنىسىدە) ھەمدە قاز مەلىكىنىڭ ئېرى سىياۋۇشنىڭ ئىستىراھەت بېغى بولغان. ھازىرقى قاش يېزىسى بولسا، قاز مەلىكە سالدۇرغان تارىختىكى مەشھۇر «قازۋىن» شەھىرىدۇر.

قاش يېزىسىنىڭ تارىختا «قازۋىن»، يەنى غاز ئويۇنى نامى بىلەن ئاتىلىشى قاش يېزىسىدا بىر خىل ئەنئەنىۋى «غاز ئويۇنى» نىڭ تولۇق شەكلى بىلەن ساقلىنىپ ۋە بۇ ئويۇننىڭ ھەر خىل مەشرەپ سورۇنلىرىدا تا ھازىرغىچە ئوينىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 3- توم 204- بېتىدە «قازۋىن» شەھىرىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «بۇ ئەسلى ‹قاز ئويۇنى› دۇر. چۈنكى ئۇقىز (قاز مەلىكە) شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى...»

غاز ئويۇنىدا، غاز سىرلىق غايىۋى كۆچكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، قىزىقارلىق ۋەقە ئاساسىغا قۇراشتۇرۇلغان ۋە دراماتىك خاراكتېرگە ئىگە تېپىشماقلىق ئويۇندۇر. بۇ ئېسىل مىللىي مىراسىمىز ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاق ئەنئەنىۋى خاراكتېرگە ئىگە. كۆرگەن كىشىنىڭ قەدىمكىگە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك دەلىلى سۈپىتىدە غاز ئويۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

پاششاپ: ـ قازى بېگىم بىر ئادەم مەشرەپ سورۇنىمىزغا كىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

قازبەگ: ـ قەيەردىن كەپتۇ؟

پاششاپ: ـ تاشقۇرغاندىن.

قازبەگ: ـ باشلاپ كىر!

يوغان غاز ئەگەشتۈرگەن ياشانغان بىر كىشى سورۇنغا كىرىدۇ ۋە «غاق، غاق» دەپ غېزىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، قازبەگنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.



قازبەگ: ــ بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

غاز باققۇچى: ــ 30 ئوغۇلدىن سورايدىغان سوئالىم بار ئىدى.

قازبەگ: ــ قېنى سوراڭ، خالىغانلار جاۋاب بەرسۇن،

غاز باققۇچى: ــ 360 كۆلا، 48 يەردىن ئۆلا، 30 توقماق، بۇ نېمە؟

سورۇن ئەھلى بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. غاز ئۇلارنى چوقۇلاشقا باشلايدۇ. غاز باققۇچى غازنى ئەگەشتۈرۈپ، مەشرەپ سورۇننى ئايلىنىدۇ. ئۇ قەيەردە توختاپ، ھاسىسنى يەرگە قانچە قېتىم ئۇرسا، غاز ئۇدۇلىدىكى ئادەمنى شۇنچە قېتىم چوقۇلايدۇ. غاز باققۇچى بىرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھاسىسنى يەرگە قاتتىق ئۇرىدۇ. غاز ئۇ ئادەمنى قاتتىق چوقۇلاپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم ئاغرىققا چىدىماي، غازنىڭ بويىنىنى قايرىۋېتىدۇ.

غاز باققۇچى: ــ پاشاپ، بىرسى غازنىڭ بويىنىنى قايرىۋەتتى.

پاشاپ ئۇنىڭ ئەرزىنى قازبەگكە يەتكۈزىدۇ. قازبەگ بۇيرۇق بىلەن ئۇ ئادەمنى ئالدىغا چاقىرتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

ــ بىرسىنىڭ غېزىنىڭ بويىنىنى قايرىۋەتتىڭمۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى ئىقرار بولىدۇ. قازبەگ غاز باققۇچىدىن سورايدۇ.

ــ سېنىڭچە بۇ كىشىگە قانداق جازا بەرسەك ئورۇنلۇق بولار؟

غاز باققۇچى: ــ غېزىم ئۇزۇن يەردىن كەلدى. قورسىقى ئاچ، شۇڭا ئۇنى مۇشۇ كىشىنىڭ دۈمبىسىدە دان چوقۇلاتسامىكىن؟

قازبەگ: ــ ئۇنداقتا قوناق چوقۇلىتىڭلار! پاشاپ ھېلىقى ئادەمنى ياتقۇزۇپ دۈمبىسىنى ئاچىدۇ. غاز يالىڭاچلانغان دۈمبىنى چوقۇلاشقا باشلايدۇ...

سوئاللار تەكرارلىنىدۇ. ئاردىن بىرمىلەن سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ:

ــ 360 كۆلا 360 كۈندۇر، 48 يەردىن ئۆلا 48 جۈمەدۇر، 30 توقماق 30 كۈن روزىدۇر. ئاخىرىدا غاز باققۇچى رازى بولۇپ، سورۇن ئەھلىنىڭ دۇئاسى بىلەن قايتىدۇ، غاز ئويۇنى تۈگەيدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىگە دائىر توپلاش، رەتلەش ۋە بۇ توغرىسىدا تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىش جەھەتتە جانلىنىش بولۇۋاتقان، شۇنداقلا كونا بىلەن يېڭى، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق تېز ئالمىشىۋاتقان بىر ھالقىلىق پەيتتە، قەدىمىيلىككە باي، مەھەللىۋى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى قويۇق ساقلانغان ئېسىل مىللىي مىراسىمىز ــ غاز ئويۇننى تونۇشتۇرۇش بىزگە ھازىرغىچە قاراڭغۇ بولۇپ كېلىۋاتقان يىراق ئۆتمۈشتىكى رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنى نۇرلاندۇرۇشتا ۋە بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئىلمىي چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتا مۇھىم، رېئال، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. غاز ئويۇنىدىن ئىبارەت خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ھەر خىل ئويۇنلىرى قويۇق كومېدىيىلىك تۈس ئالغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر دراما تارىخىنى مەشرەپ ئويۇنلىرى پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، غاز ئويۇنى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاممىۋى پائالىيەت بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىنى قانات يايدۇرىدىغان ئىجتىمائىي تەلىم- تەربىيە ئويۇنىدۇر. شۇڭا غاز ئويۇنى ئارقىلىق سورۇن ئەھلى ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ، ئېستېتىك زوقلىنىش بىلەن بىللە ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ. ياشلىق ــ يىگىتلىكتە تېز ئىنتىلىدىغان، تېز قوبۇل قىلىدىغان ھەم ئۇنى تېز ئىنكار قىلىدىغان بىر باسقۇچ، مەشرەپ ئويۇنلىرى ئەنە شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ياشلارنى ئەدەپ- ئەخلاقلىق، ئىناق، ئادىل، راستچىل، قائىدە - يوسۇنلۇق ۋە جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ ھەم كىشىلەرنى قانۇن- تۈزۈم ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مىللىي غۇرۇرنى ئۈستۈرىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مىراسلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.



تەھرىرى: 07
(ئىبراھىم ماخمۇت)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

# «ئۇچار ئادەم» — جوردانىنىڭ ئانىسى

» ئۇچار ئادەم» دەپ نام ئالغان جوردان ئامېرىكا چىكاگو ۋاسكېتبول «بۇقا» كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ھەۋەسى كېلىدىغان بىر چولپانغا ئايلاندى. مۇشۇنداق بىر ئەزىمەتنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانىنى بىلىشنى خالامسىز!؟

ئۇ ئانا قورامىغا يەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ دوستى بولۇش دۇنيادىكى بارلىق ئانىلارنىڭ يۈكسەك بەختى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەدېسىلا ئانا قىياپىتىدە پەيدا بولغانلىقىم، ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن. ئوخشاش ئەھۋالدا بىر بىرىنى چۈشىنىدىغان دوستلار بولغان تەقدىردىمۇ مەلۇم ئارىلىق ساقلاش كېرەك: بەزىدە ئۇستازلارغا ئوخشاش تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ كېتىمەن، ئەمما ئاقىلانە دوست بولسا، قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ».

ئامېرىكىنىڭ تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۇنى مۇنداق تەرىپلىشى بىكار ئەمەسكەن: «ئۇ جوردانىنى ئەدەبلىك، كەمتەر قىلىپ تەربىيىلىدى، ئۇنىڭغا قانداق ئادەم بولۇش ۋە كەسىپنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېزى كەلگەندە ئۇنىڭ كاسىسىغا ئورۇپمۇ تۇردى. شۇڭا جوردان ھازىر قانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ، ئانىسى ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈپ ماڭغۇزالايدۇ».

بۇ ئانا ئالدى بىلەن ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ باللار ئۈستىدە ئېنىق، ساغلام ئارزۇ - ئۈمىدلەردە بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىندۇ. لېكىن ئۇلار ئەزەلدىن بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چولپان تەربىيىلەپ چىقىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ باقمىغان، ئۇلار ھەقىقەتەن ئۈشىنىدىغان بىردىنبىر يول شۇكى، باللاردا ئېسىل پەزىلەت ۋە مىجەز- خاراكتېر يېتىلدۈرۈش باللارغا ھەقىقىي ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى بۇ باللارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولالايدۇ.

جوردانىنىڭ ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بەش بالىنىڭ ھەممىسى ئاماق ئېتەلەيدىكەن، كىر يۇيالايدىكەن، ئۆي تازىلىيالايدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئۇششاق- چۈششەك ئىشلار باللارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى ۋە ئۆز- ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش - يېتىلدۈرەلمەسلىكىنى دېرەك بېرىدىكەن، بۇ نۇقتا كەم بولسا، ئۇلارنىڭ قورامىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆز بەختىنى مۇستەقىل ھالدا ئىزدىيەلىشىگە ئىشىنىش قىيىن ئىكەن. (04)

(گۈلجاھان پەرھات. ت)



# نامەت زايىت لەتىپىلىرىدىن

## جىڭلاپ باقمىغان...

بىر كۈنى نامەت زايىت كالىسىنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىققانىكەن، سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئايال جايىدا توختاپ:

- نامەتكا، كالىڭىز ئۇسسىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. نامەت زايىت:

- مەن كالىنى جىڭلاپ باقمىغان ئۇكام، ئۇسسىرمۇ، تويدىمۇ قانداق بىلەي، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## تامدىن ئارتىلدۇرۇپ...

نامەت زايىت دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرسا، تويدىن

## كۈلكە دۇنياسى

يانغان بىر نەچچە ئايال ئۆتۈپ قاپتۇ.

- ئۆيگە كىرىپ ئۆتۈڭلار! دەپتۇ ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ. ئاياللار «خوش دېيىشىپ، ئۇيانغىراق ئۆتۈپ قارىسا دەرۋازا قۇلۇپلاغلىق تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر ئايال سوراپتۇ:

- نامەتكا، ئۆيىڭىزگە كىرمىلى دېگەن بولساق قانداق ئەكىرەتتىڭىز؟

- نامەت زايىت كۈلۈپ كېتىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

- ئامال يوق، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكىرەتتىم-دە.

## ئۆتۈك كونىرىغاندا...

نامەت زايىت بازاردىن ئۆتۈك سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئەكىلىپ قارىسا ھەر ئىككىلىسىلا بىر پۇتنىڭ بولۇپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى ئۇنىڭغا كايىپ:

- گەپ قىلىڭ دېسە، ئۇن كىشىلىك قىلىسىز، بۇ ئۆتۈكنى قارىماي ئالغانمىدىڭىز؟ - دەپتۇ. نامەت زايىت دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ:

- نېمىسىنى سورايسەن خوتۇن، قارىماينى ئۆتۈك كونىرىغاندا ئالارمەن دەپتىكەنمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قايسى ھەرە...

نامەت زايىت ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ ياتسا، ئايالى ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

- نامەت ئاخۇن، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭە.

## كۈلكە دۇنياسى

نەۋرىڭىزنى يەنە ھەرە چېقىۋالدى. ماي ئېلىپ چىقاي، ئەس ھەرىلەرنىڭ كۆنىكىگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋېتەيلى.

- ھاي خوتۇن، پەيلىڭنى يامان قىلما، ئۇنى قايسى كۆنەكتىكى ھەرە چېقىۋالدى، ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ قانداق كۆيدۈرۈۋېتىمىز، — دەپتۇ ئۇ پەرۋا قىلماستىن.

## پىلەكىنمۇ...

نامەت زايىت بىر ئوغرى قوشنىسى بىلەن بىر پارچە يەرگە قوغۇن تېرىغانىكەن. قوغۇنلىرى ھەر كۈنى ئوغرىلىنىپ كېتىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ، قوغۇنلۇققا بارغانىكەن، دەل ھېلىقى قوشنىسى قوغۇن ئۈزۈۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قاپتۇ.

ھېلىقى ئادەم خۇدۇكسىنىپ:

ـ قوغۇنلۇقىڭىزغا بۇيا ئۈنۈپ قالدىمىكىن دېسەم، تەلىيىڭىزگە بىر تالمۇ بۇيا يوقكەن، ـ دەپتۇ. نامەت زايىت دەرھاللا:

ـ ۋاي بۇنى بىر دېمەڭ، قوغۇنلۇقتا بۇيا ئۈنمىگەن، يېقىندىن بۇيان بىر تال يۇزى قېلىن بۇيا پەيدا بولۇپ قېلىپ، پىلەكنىمۇ قۇرۇتىۋېتەي دەپ قالدى، ـ دەپتۇ.

## قاشتا تۇرۇپ...

بىر كۈنى نامەت زايىتنىڭ ھېلىقى ئوغرى قوشنىسى ئۇنىڭ قوغۇنلۇقىدىن يەنە قوغۇن ئوزۇپ، قاشقا ئېلىپ چىقىپ تۇرۇشىغا نامەت

## كۆلكە دۇنياسى

زايىت كېلىپ قاپتۇ. ئوغرى قولىدىكى قوغۇننى يەردە قويۇپ، چاندۇرماستىن:

ـ بۇ قوغۇننى مەن ئۈزمىدىم... دەپ، ئۆزىنى ئاقلىغىلى تۇرۇشىغا نامەت زايىت ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:

ـ قوغۇننى سىز ئۈزمىدىڭىز، قاشتا تۇرۇپ: «بېرى كەل!» دېسىڭىز ئۆزى كەلدى، شۇنداقمۇ؟ـ دەپتۇ.

( نامەتجان تۇرسۇن (شىجائەت) توپلىغان)

## سوجاڭ بىلەن ئوغرى

سوجاڭ: ھەي قوي ئوغرىسى، كىرە ئىشخانىغا!

ئوغرى: نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز سوجاڭ؟ مەن دېگەن كالا ئوغرىسى تۇرسام...

## ئاۋۋال ماڭا ياخشى ئەر تېپىپ بەر

ئېرى: ھەي لامزەللە، چوشقىدەك ياتماي، قوپە لەغمەن ئەت!

ئايالى: ئۆيدە گۆشمۇ، ياغمۇ، ئۇتياشمۇ بولمىسا، نېمە بىلەن ئېتىمەن؟

ئېرى: دېگىنىمنى قىلمايدىغان بولساڭ، خېتىڭنى بېرىۋېتىمەن ھېلى بىكار!

ئايالى: ياللا، ئۇنداق بولسا، ماڭا ئۇبدان بىر ئەر تېپىپ بەر ئەمىسە!

## پۇلى قالمىدى

دوستى: ئارزىگۈل، سەن ئابلەت بىلەن بىر ئوبدان يۈرۈۋاتاتتىڭ، ئەمدى نېمشقا ئايرىلىپ

كۆلكە دۇنياسى

كەتتىڭ؟

ئارزىگۈل: پۇلى قالمىدى، شۇڭا تاشلىۋەتتىم ئۇنى.

دوستى: ئۇ، پۇللىرىنى ھاجەتمەنلەرگە ئۆتنىگە بېرىۋەتكەندۇ تايىنلىق؟

ئارزىگۈل: ياقەي، ئۇ ھەممە پۇلىنى مېنىڭ مۇھەببىتىم ئۈچۈن سەرپ قىلىپ بولدى.

## پۇلۇڭنى دېمىسەم...

ئېرى: ھەي جىن قونچىقى، مەن داداڭنىڭ مېنىڭ باشلىقىم ئىكەنلىكىنى دېمىسەم، سېنى ھەرگىزمۇ ئالمىغان بولاتتىم.

ئايالى: ھەي يانچۇقچى، مەنمۇ سېنىڭ ئۆكسىمەيدىغان پۇللىرىڭنى ـ دېمىسەم، ساڭا ھەرگىزمۇ تەگمىگەن بولاتتىم. (08)

(گېزىت ئىمىن يازغان)

## يەر شارىنىڭ چېتى

كىشىلەر لوندون گرىنۋىچ رەسەتخانىسىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن شىمالىي قۇتۇپنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىقنى «باشلانغۇچ مېرىدىئان سىزىقى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن شەرققە 180 لۇق ۋە غەربكە 180 لۇق ئارىلىق ئېلىپ ئۇنى شەرقىي ۋە غەربىي مېرىدىئان دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ شەرقىي مېرىدىئان قىسمى شەرقىي يېرىم شار، غەربىي مېرىدىئان قىسمى غەربىي يېرىم شار دەپ ئاتالغان. ئالىملار جۇغراپىيىدە «ئادەت سىزىقى»نى بەلگىلىگەچكە، لوندون ئىچى ناقىم ئارالىرىنىڭ 3-چولا ئارالغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى 180 لۇق مېرىدىئان سىزىقى كېسىپ ئۆتكەچكە، ئۇ دۇنيادىكى «ئەڭ شەرققە ۋە ئەڭ غەربكە جايلاشقان شەھەر» دەپ ئاتالغان. ئادەت سىزىقى بويىچە، سورومىن ئارىلىنىڭ پايىتەختى مۇئىنارا «يەر شارىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى شەھەر»دۇر.

(ئالىمجان. ت)

## نېمە ئۈچۈن يېشىل...

كىشىلەر ئوپېراتسىيەخانىدا دوختۇرلارنىڭ ئاق خالىتىنىڭ يېشىلغا ئالمىشىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئادەم ئۇزاق ۋاقىت بىر خىل رەڭگە قاراۋەرسە كۆز (كۆرۈش نېرۋىلىرى) غىدىقلىنىدۇ ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ. كۆرۈش نېرۋىلىرى بۇ خىل ھارغىنلىقنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بىر خىل تولۇقلىغۇچى رەڭ پەيدا قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەڭشىۋالىدۇ. دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە جەريانىدا كۆرىدىغىنى ساپلا قىپقىزىل قان بولۇپ، ۋاقىت ئۇزارغانچە ناۋادا نەزەرنى يېنىدىكى قايسى بىرىنىڭ خالىتىغا يۆتكەيدىغان بولسا، كۆزىگە «يېشىل قان» داغلىرى كۆرۈنىدۇ-دە، كۆرۈش سېزىمى قالايمىقانلىشىپ، ئوپېراتسىيىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئاچ يېشىل رەختتىن ئوپېراتسىيە كىيىمى كىيگەندە، يېشىل رەڭدىن پەيدا بولىدىغان خاتا تۇيغۇ يوقىلىپ ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. (07)

(ئايگۈل. ت)

## رايونىمىزدا شەھەر مەدەنىيىتى...

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە ئەخلاق، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلغاندىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاساسىي مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ سەرپ قىلدى. 1996-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۇتۇپخانىلار 31 گە يېتىپ، 1991-يىلدىكىدىن % 10.7 كۆپەيدى. ساقلانغان كىتاب مىقدارى 1991-يىلدىكىدىن % 22.3 ئاشتى. يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 4.5 بولدى. 1996-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر ئاھالىلىرى ساقلىغان كىتاب ھەر 100 ئادەمدە 68.9 غا يەتتى. ھەر 100 ئادەم ئىچىدە كىتابتىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغان شەھەر سانجى شەھىرى بولۇپ، ھەر 100 ئادەمگە 152.74 كىتاب توغرا كەلدى. ئۇنىڭدىن قالسا، غۇلجا شەھىرى بولۇپ، ھەر 100 ئادەمگە 137.79 دىن، قاراماي شەھىرىدە 106.3 دىن توغرا كەلدى. (07)

(ئىمام ئابدۇللا. ت)

## نېمە ئۈچۈن ج ك پ...

نېمە ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخى شىنخەي ئىنقىلابىدىن باشلاپ يېزىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە جىن چۇڭجى قاتارلىق پروفېسسورلار مۇنداق دېدى: «ماۋزېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا مۇنداق تەشەببۇس قىلغانىدى ‹ پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن 4-ماي ھەرىكىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى، پارتىيە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ›. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىش كېرەك. نۇرغۇن پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى.»

(مىنەۋەر ت)

# ئۆسمۈرلەرنى كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك

ئابدۇسالام ئابدۇسىم

ھەر بىر ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ساغلام، ياراملىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەقىل بىلەن ساغلاملىق بىرلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت بالىلارنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىدۇ.

بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ، تەنتەربىيە بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانسا، بەدەن ساپاسى ياخشىلىنىش بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئۆسىدۇ. زېھنى ئۆتكۈرلىشىپ، دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» بولىدۇ. لېكىن بىزدىكى نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنمەيدۇ. ھازىر ئىقتىسادىي تۇرمۇش ياخشىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى يېڭىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەرلىك ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەيۋاتىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى، گۈزەل ئارزۇلىرى، قىزىقىشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ تۇرۇشىمىز لازىم. ھاياتىي ھەرىكەت دېمەكتۇر. ھەرىكەت قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۆپكە سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، بەدەننىڭ ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. يەنە بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ، كېسەل بولۇشنى ئازايتىدۇ. ھەرىكەت يەنە چوڭ مېڭە، مەركىزىي نېرۋىلارنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، مېڭىنى سەزگۈر قىلىدۇ. يەنە بەدەننىڭ سىرتقى مۇھىت بىلەن بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. چوڭ مېڭە ئەقلىي پائالىيەتنىڭ ئاساسى. مېڭىنىڭ يېتىلىشى ئىرسىيەت، مۇھىت، ئوزۇقلۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەرىكەت قىلىش، چېنىقىش ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىلمىي تەجرىبە ۋە ئادەم مېڭىسى مورفولوگىيىسى تەتقىقاتچىلىرى، تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. دائىم تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندا، چوڭ مېڭىنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى يېتىلىپ،



بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى كۈچىيىپ، ئىنكاسى تېزلىشىدۇ. تىكتاك توپىنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە 300km غا يېتىدۇ، تەنھەرىكەتچىلەر ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا توغرا، ئېنىق ماسلىشىپ، ئىنكاس قايتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ مېڭىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىنكاس قايتۇرۇش قانچە تېز بولسا، مېڭە شۇنچە ئۆتكۈر بولىدۇ. يولداش لېنىن تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەرنى بىر ئۆمۈر ئالدىراشچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تولۇپ ـ تاشقان كۈچ-قۇدرەت توختىماي چېنىقىشتىن كەلگەن.

قەدىمدىن تارتىپ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «ئەگەر سىز ساغلام، گۈزەل، ئەقىللىق بولۇشنى ئويلىسىڭىز، دائىم يۈگۈرۈپ تۇرۇڭ.» شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە، ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كېلىشكەن، ساغلام، ھەرىكىتى گۈزەل، ئىنكاسى تېز، ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، بالىلىرىنى كىچىكىدىنلا بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى بىلەن چېنىقىشقا دەۋەت قىلغاندا، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ۋە ماسلىشىپ، ئىلمىيلىككە ئېتىبار بېرىپ، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

**1. چېنىقىشنىڭ تۈرلىرى ياش بىلەن ماسلىشىشى كېرەك.** مەسىلەن: بوۋاق تۇغۇلۇپ 2 ئايدىن كېيىن ئۇلارنى ھەرىكەت قىلدۇرۇش، پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ، مۇمكىنقەدەر مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. 3 ـ 6 ياشتىكى بالىلارنىڭ سۆڭەك تەركىبىدە كالتسىي مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن، مۇسكۇل ۋە تارمۇشلىرى بىر قەدەر يۇمشاق ۋە نازۇك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر ھەرىكەت ۋە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتەك قاتتىق ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ.

**2. چېنىقىش بىلەن ئويۇننى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.** ياپونىيىنىڭ داڭلىق پېداگوگى جىڭشىدانىڭ «ئويۇن بولسا بىر خىل نەرسىنىڭ كۆپ خىل ئىشلىتىلىشى» دەپ ئېيتقان. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ھەر كۈنى ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئۆيگە سولاپ قويماسلىقى، ئۇلارنى خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ساز چېلىشتەك ئەقلىي ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلىشى، سىرتتا كۆپرەك ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، چېنىقىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**3. چېنىقىش بىلەن ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.** روسىيە پېداگوگى سۇخوملىنسكى «بالىلار قولىغا قوشۇق ئېلىپ تەخسىدىكى نەرسىلەرنى يېيىشنى بىلگەندە، ئەمگەك تەربىيىسىگە ئىگە بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان يېشىغا ئاساسەن، ئاددىي، كۈچى يېتىدىغان ئەمگەكلەرنى قىلدۇرۇشى، ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىش، جوزا- ئورۇندۇقلىرىنى سۈرتۈش، قاچا-قۇچا ۋە چوكىلىرىنى يۇيۇش، گۈل تىزىش، چاي قايىنتىش، توپا يۆلەش، ئوت ئوتاش قاتارلىق يېنىك ئەمگەكلەرنى قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلاردا ئەمگەك قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى، پۇت-قول، بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى چېنىقتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلي بولىدۇ. (05)

(ئايتۇرسۇن مۆمىن فوتوسى)

# ئېتىكا ۋە ئەجدادلار ئېتىكىسىنىڭ جەۋھىرى

غەيرەتجان ئوسمان

ئېتىكا – ئەخلاق توغرىسىدىكى پەن بولۇپ، ئۇ ئەخلاق ھادىسىسىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. «ئېتىكا» ۋە «ئەخلاق» ئۇقۇمى ئەسلىدىكى سۆز مەنىسى جەھەتتە ئوخشاش ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلار ئىجتىمائىي ئەخلاق ھادىسىسىنى كۆرسىتەتكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ مەلۇم پەرقىمۇ بار. ئەخلاق كۆپرەك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسەتسە، ئېتىكا كۆپرەك بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قائىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «ئېتىكا» ياكى «ئېتىكا» ئىلمى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئەخلاق ھادىسىسىنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

بىپايان ئوبيېكتىپ دۇنيادا خىلمۇخىل ھادىسىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ چەكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسانلار بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى. قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي دۇنيا قاراشلىرىدا ئېتىكىلىق ئىدىيىلەر ناھايىتى مول بولغان ۋە بۇ خىل ئىدىيىلەر شۇ زامان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى نورماللاشتۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆملۈك-ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش، تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇنۇملۇك رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئەخلاق دېگىنىمىز ئىنسانلار رېئال تۇرمۇشىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بەلگىلىگەن، ياخشى-يامانلىق ئۆلچىمى بويىچە باھالىنىدىغان ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، قەلب ئېتىقادى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتكە تايىنىپ يولغا قويۇلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر.

ئەخلاق ھادىسىسى دېگىنىمىز – كىشىلەر ئىدراك قىلالايدىغان ئەخلاقنىڭ سىرتقى شەكلىدىن ئىبارەت. ئەخلاق خىلمۇخىل مۇئەييەنلىككە ئىگە بولغانلىقتىن رېئال تۇرمۇشتا ئەخلاق ھادىسىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. تەتقىق قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن مۇرەككەپ ئەخلاق ھادىسىلىرىنى ئەخلاقىي پائالىيەت ھادىسىسى، ئەخلاق ئاڭ ھادىسىسى ۋە ئەخلاق ئۆلچەم ھادىسىسى دەپ 3 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئەجدادلارنىڭ ئېتىكىلىق ئىدىيىسى ناھايىتى مول ۋە ئاكتۇئال مەزمۇنلارغا ئىگە. بۇلار ئاق كۆڭۈل، دادىللىق، ۋاپادار، مېھرىبان، چىقىشقاق، مېھماندوست، ئەپۇچان، پاراسەتلىك، باتۇر، ئۇياتچان، تىرىشچان، ئۈمىدۋار، چېچەن، سەزگۈر، چىداملىق، سەۋرلىك، ئىقتىسادچىل، ۋىجدانلىق، تېتىك، مەردانە، شەرمى ھايالىق، ئېھتىياتچان، ئۇيۇشقاق، ئادالەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش، قەھرىمان ۋە ئاقىل-ئالىملارنى ھۆرمەتلەشتەك



ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىكىلىق قاراشلىرى يورۇق كۆرگەن ئەسەرلەردىن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت داستانلىرىدىن ئۇرخۇن-يەنسەي مەڭگۇ تاش يازما يادىكارلىقلىرى، قۇچۇ ئۇيغۇر پۇتۇك ۋەسىقىلىرىدە، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «مىفتاھۇل ئۇلۇم»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «ئەخلاقىي جەمىلىيە»، «سىدىقنامە»، «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» قاتارلىقلار بار. يەنە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان تارىخشۇناسلار، ئەدىبلەر، سەيياھلار ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنىڭغا دائىر ئۇچۇرلار ساقلانغان.

ئەخلاق بىر تارىخىي كاتېگورىيە. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئۆلچىمى بولىدۇ. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئەخلاق نورمىلىرىدىكى ئېسىل مەزمۇنلار يەنى جەۋھەرلەر ساقلىنىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە جارى قىلدۇرۇلۇپ بېرىپ بارىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، بۇ خىل ئەخلاقىي ئۆلچەملەر قەدىمكى زامانلاردا مۇكەممەللىشىپ، سىستېمىلىشىپ بىر خىل ئەخلاقىي مىزان، ئېتىكىلىق قاراشلارغا ئايلانغان ئەمەس. ئۇ تەدرىجىي قېلىپلىشىپ بارغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاھان تۇتۇش ئۈچۈن بىلىم بىلەن جەسۇرلۇقتىن ئىبارەت 2 نەرسىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەر كېرەك، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك؛ «كىشىنىڭ يامىنى ئەقىل تاپسا تۈزۈلىدۇ، خەلق ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلىم بىلەن بېسىلىدۇ.»

باتۇرلۇق خاراكتېرى توغرىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق دېيىلگەن: «يۈرەكلىك كىشى يۈرەكسىزلەرگە باش بولسا، ئاندىن ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ. ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ. ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا، بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ». مانا بۇلار ئەجدادلارنىڭ باتۇرلۇق قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرىدۇ، قەھرىمانلار جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ دەپ قاراش ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى.

ئەجدادلارنىڭ ئېتىكىلىق قارىشىدا يۇقىرىقىغا ئۇلىنىپ ئەمگەكچانلىق بىلەن ياخشىلىق قارىشى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. شۇنىسى چۈشىنىشلىككى، بۇ ئىككىسى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى ۋە تۇرالغۇ جايىغا ئىگە بولۇشىدا ئەمگەككە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مېھنەتسىز ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ياخشىلىق پۈتۈن ئىنسانلارغا خاس ئەخلاقىي كاتېگورىيە بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل ئۇقۇم ۋە مىللەتلەردە ھەر خىل تۈستە ئىپادىلىنىدۇ. كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردە، تارقاق بوستانلىقلار ۋە ئاھالىلەر شالاڭ رايونلاردا ياشايدىغان ئادەملەر بىلەن زىچ ئاھالىلەر رايونىدا تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەر ئارىسىدىكى «ياخشىلىق» قارىشىدا روشەن ئۆزگىچىلىكلەر ساقلانغان. كېيىنكى خىلدىكى كىشىلەردە شەخسىيەتچىلىك، ئابروييپەرەسلىك، چوڭچىلىق، مەمەدانلىق قارىشى بىر قەدەر كۆپرەك بولىدۇ. ئالدىنقى خىلدىكى كىشىلەردە مەردانىلىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق، ئومۇمىيەتچىلىك قاتارلىق خاھىشلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە ياخشىلىقنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئادەملەر پائالىيىتى ئۈستىدە ئويلانغىنىدا: «ئادەم ھاياتىنىڭ مەزمۇنى ئەمگەكتە، ياخشى ھەم يۇقىرى

ئەخلاقلىق ئىشلاردا» دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈردۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئادەم جەمئىيەتكە كېرەكلىك، ۋەتەنداشلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئەخلاقىي شۆھرەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ياخشى نامى ئادەملەر ئارىسىدا ساقلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى ئۆز كىتابىدا «ئادەم بالىسى يوقىلار، ياخشى ئېتى قالار» دېگەن ئاتىلار سۆزىنى ئالاھىدە مىسال كەلتۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاقىللىق بىلەن باتۇرلۇقنىڭ تولۇقلىمىسىنى ياخشىلىق دەپ قاراپ، «ئەگەر ھەر ئىككى دۇنيانى تىلىمەكچى بولساڭ، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇنىڭ چارىسى ياخشىلىق قىلىشتۇر» دېگەن.

مەھمۇد قەشقىرى ئەمگەك ھەققىدە توختالغىنىدا، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئادىل مۇناسىۋەتنى قوللاش ھېسسىياتىنى جانلىق ئىپادىلەپ، ھارامتاماقلىققا ئوخشاش سەلبىي ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن.

ئومۇمەن، ئەمگەك ۋە ياخشىلىق قارىشى ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلشىر ناۋائىي، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى، ناقىس قاتارلىق ئەدىب مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئىزچىل تەكىتلەنگەن.

ھەر خىل يازما ماتېرىياللاردىكى ئۇچۇرلار ۋە رېئال تۇرمۇشتا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىكىلىق ئەخلاق قارىشىنى ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە دىنىي ئەخلاق دېگەن 3 خىل كاتېگورىيىگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلار ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە سىستېمىلاشقان ئېتىكىلىق ئىدىيىسى سۈپىتىدە ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قانۇن-مىزانلارنىڭ شەكلەنلىك خۇسۇسىيىتىگە كونكرېت مەزمۇن قوشۇپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىم، ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشىدا ئەمەلىي تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. (09)

رج (ئەرشىدىن توختى فوتوسى)

## مارجان سۆزلەر

ئا دەمنى نەس باسقان چاغدا، ھېچ بولمىغاندا كىمنىڭ ھەقىقىي دوست ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇن - تىنسىز قارشىلىق ئاشكارا داۋراڭدىن قورقۇنچلۇق.

ئەتىكى غەم - ئەندىشىنى دەپ، بۈگۈنكى خۇشاللىقنى قۇربان قىلمىغان ياخشى.

ھېچنېمىنى بىلمىگەن ئادەم ھەممە نەرسىگە قانائەت قىلىدۇ.

باشقىلار ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلسۇن دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىل.

دۇنيا ئەسلى ناھايىتى گۈزەل ئىدى، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك دېگەن نەرسىلەر يوق ئىدى، بارلىق رەزىل نەرسىلەرنى ئىنسانلار ئۆزى پەيدا قىلدى.

ساغلاملىق بولغاندىلا ئاندىن ھەممە نەرسە بار بولىدۇ.

دوستلۇق بىر دانە تۇلۇڭ ئالمىغا ئوخشايدۇ، ئالما دەرىخىنى كۆڭۈل قويۇپ سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرمىغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسى مەڭگۈ پىشمايدۇ.

نام قازىنىش ئوڭاي، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەس.

شەخسىي ھەۋەس قانچە كۈچەيسە، بەخت سېزىمى شۇنچە ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

بۇ دۇنيادا «ئەتە»دىنمۇ بەكرەك قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان نەرسە يوق.

ئادەملەر بىر - بىرىنى كېچىكىپ چۈشىنىدۇ، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى كېچىكىپ بىلىپ يېتىدۇ، ئىشقىلىپ دۇنيا كېچىكىش بىلەن تولغان.

ئاتقان تاڭلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ بېقىۋەرمەيدۇ.

ئېسىلزادىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بولىدۇ.

ئاچچىقلىنىش ۋە ئۆچمەنلىك ھاياتلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. (04)

(قاھار رەتلىگەن)

## «ئىقتىدارلىق مۇشۇكياپىلاق»

ئاۋسترىيىنىڭ سارىسبوگدىكى ساقچىلار كېچىسى دېلو سادىر قىلىدىغان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشتا، يېڭى ياردەمچى تاپقان. ساقچىلار مۇنداق دېگەن: مۇشۇكياپىلاق كېچىسى 1000 چى يىراقلىقتىنمۇ نىشاننى بايقاپ، گۇمانلىق ئۇنسۇرنى قوغلاپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بويسۇندۇرالايدۇ. ئۇلار مۇشۇكياپىلاقنىڭ تېنىگە سىمسىز نىشان كۆرسەتكۈچ ئورنىتىپ قويىدىكەن. چۈنكى مۇشۇكياپىلاق گۇمانلىق ئۇنسۇرنى تۇتۇۋالغاندا، ساقچىلار سىمسىز نىشان كۆرسەتكۈچ بەرگەن بەلگىگە ئاساسەن، نەق مەيدانغا دەرھال يېتىپ بارالايدىكەن. 1992 - يىلىنىڭ بىر كۈنى كەچتە 2 ساقچى قۇشلارنىڭ تۈندىكى ھەرىكىتى تەسۋىرلەنگەن تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى كۆرۈۋېتىپ، بۇ ئامالنى تاپقان. (07)

(ئالىمجان.ت)

## نەنجىڭ تېلېگراف...

نەنجىڭ تېلېگراف ئىدارىسى ئابونتلارنىڭ سۈرۈشتە قىلىش، شىكايەت قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

بۇ ئىدارە ئابونتلارنىڭ شىكايىتىنى تۈنجى قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان ئورۇن ۋە خادىملار ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ئابونتلارغا جاۋابكار بولۇش، ئابونتلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مۇددىتىگە قاتتىق رىئايە قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرگەن. ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ياكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلمىغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئابونتلارنى رازى قىلالمىغان، مۇناسىۋەتلىك بىر تەرەپ قىلغۇچى ئورۇنلارغا ماسلىشىپ، ئابونتلارغا ئۆز ۋاقتىدا جاۋاب بېرەلمىگەنلەرگە ئىقتىسادىي جازا بەرگەن. (07)

(مىنەۋەر.ت)

## ۋاقىتنى مەلۇم...

ۋاقىتنى مەلۇم قىلىدىغان قۇرت: ئافرىقىنىڭ ئورمانلىقىدىكى ھەر 4 سائەتتە بىر قېتىم رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل قۇرتنى يەرلىكلەر ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ سائەت ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن.

ۋاقىتنى مەلۇم قىلىدىغان ئېشەك: تۈركمەنىستاننىڭ خۇاگخەي دېڭىزى قولتۇقىدىكى بىر ئارالدا ھەربىر سائەتتە بىر قېتىم ھاڭرايدىغان ئېشەكلەر بار ئىكەن، بۇ ئارالدا تۇرىدىغان ئەسكەرلەر ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى پوستىن ئالمىشىش ۋاقتى قىلىدىكەن.

ۋاقىتنى مەلۇم قىلىدىغان قۇچقاچ: جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى گۋاتېمالادا «دىنا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇچقاچ ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم سايرايدىكەن. ۋاقىت پەرقى ئاران 15 سېكۇنت ئىكەن، يەرلىك كىشىلەر بۇنىڭغا ئاساسەن ۋاقىتنى مۆلچەرلەيدىكەن. (07)

(ئايگۈل.ت)

## پادىشاھنىڭ ساياھەت...

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى مىليونېرلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ساياھەت پاراخوتى خۇددى سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان پادىشاھ ئوردىسىدەك كۆرۈنىدىكەن. بۇ پاراخوت 125 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ پاراخوتتىكى چاغدا دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق نەرسىلەر تەق، ھەتتا تىك ئۇچار ئايروپىلان قونىدىغان مەيدانمۇ بار ئىكەن. بۇ چوڭ پاراخوتتا پادىشاھنىڭ بىر نەچچە خوتۇنى، بالا-چاقىلىرى، دوستلىرى، مۇلازىملىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىدىن باشقا يەنە 15 دوختۇر، خانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتىنىڭ 100 ئەزاسى ۋە كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلىدىغان 85 چاكار تۇرىدىكەن. (07)

(رىزۋانگۈل.ت)

# مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشتە قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇڭ

★ نۇرغۇن ئازى، زەينۇرە ئابلىز ★

مېھماندارچىلىق ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان قائىدە- تەرتىپ. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرىنى ئوبدان بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى نابۇت قىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. مېھماندارچىلىق بىر سەنئەت بولۇپ، ئۇ قائىدە- يوسۇنغا ئىنچىكىلىك بىلەن ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**1. ئالدىن كېلىشىۋېلىش.** ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- يارەنلەرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىشتا ئالدىن كېلىشىۋېلىش، خالىغان ۋاقىتتا بارماسلىق كېرەك. بەلكىم كۆڭلىمىز يېقىن، ۋاقىت بېكىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. لېكىن تاسادىپىي كېلىشىمىز ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قالايمىقان قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئادەتتە مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بولمىسا، ئۇزاق مېھمان بولماسلىق كېرەك. ساھىبخان تەكەللۇپ قىلغان تەقدىردىمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋەرسىمىز ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ۋاقىت ـ ھايات دېمەكتۇر.

**2. تەكلىپ بىلەن ئۆيگە كىرىش.** ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىشىكنى قېقىش ياكى قوڭغۇراقنى بېسىش، قوڭغۇراقنى قاتتىق ھەم ئۇزاق باسماسلىق. ساھىبخانىنىڭ ئىجازىتىسىز ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر ساھىبخان كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقان ياكى دەم ئېلىۋاتقان بولسا، ئوڭايسىزلىنىپ قالىدۇ.

**3. سۆز مۇۋاپىق، ھەرىكەت ماسلاشقان بولۇش.** ساھىبخان بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يېقىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خەت- چەكلىرى، گېزىت- ژۇرناللىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئاختۇرماسلىق كېرەك. ساھىبخان سىزنى ئۆزىنىڭ تۈزگەن ئۆيى، تىزغان گۈللىرىنى كۆرۈپ چىقىشقا تەكلىپ قىلسا قىزغىن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. يىراق جايدىن كەلگەن مېھمان شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە- يوسۇنىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. مېھماندارچىلىققا ئىلاجى بار كىچىك بالىلارنى ئېلىپ بارماسلىق كېرەك (بېقىن تۇغقانلار بۇنىڭ سىرتىدا). ئۇلار ئۆي ئىچىنى قالايمىقان قىلىپ ھەممەيلەننى بىئارام قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مېھمان بولغاندا قورۇنماي كەڭ-كۇشادە ئولتۇرۇش كېرەك.

**4. مۇۋاپىق پەيتتە خوشلىشىش.** ئۆي ئىگىسىنىڭ ھارغىنلىقىنى ياكى باشقا مېھماننىڭ



بارلىقىنى بايقىسىڭىز دەرھال خوشلىشىپ مېڭىڭ. خوشلىشىپ ماڭغاندا كەسكىنرەك بولۇڭ. «خوش ئەمىسە»، «ماقۇل ئەمىسە» دەپ تەكرارلاپ تۇرۇۋەرسىڭىز بولمايدۇ.

**6. مېھمان كۈتۈشتىن بۇرۇن تەييارلىق قىلىش، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈش.** ساھىبخان مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيىنى پاكىز تازىلىشى، تاماق تەييارلىقىنى ئالدىن قىلىۋېلىشى، تەققى - تۇرقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە ساھىبخانىنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىنىشىنى مېھمانلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارىماقتا.

**7. مېھمانىنى قائىدىلىك، قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىش.** مېھمان ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ساھىبخان ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئالدىغا چىقىپ، كۈلۈمسىرەپ كۆرۈشۈش لازىم. پاراڭلاشقاندا قىزغىن، سەممىي بولۇش، زېرىكىش ياكى ئالدىراشلىق ھالىتىنى ئىپادىلىمەسلىك، سائىتىگە تولا قاراپ پەرۋاسىزلىق قىلماسلىق كېرەك.

**8. پۈتۈن ئائىلە ماسلىشىپ مېھمان كۈتۈش.** ساھىبخان ئۆيدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ مېھمان كۈتۈشى، ساھىبخانىنىڭ كىچىك باللىرى مېھمانغا چاپلىشىۋالماسلىقى، چوڭلار گەپ-سۆزگە دىققەت قىلىشى، ساھىبخان يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەسلىكى، باللارنى تىللىماسلىقى ياكى بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرماسلىقى لازىم.

**9. خوشلاشقاندا خەيرلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىش.** مېھماننى ئىشىك ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقىش، «ئاق يول بولسۇن»، «يەنە كېلىپ تۇرۇڭ»... دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش، مېھمان قايتقاندا ئورنىدىن تۇرمايلا «خوش» دېمەسلىك، مېھمان مېڭىشى بىلەنلا ئىشىكنى «تاق» قىلىپ يېپىۋەتمەسلىك لازىم. (04)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فونوسى)

## 10 چوڭ خاتالىق

پسىخولوگلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا قىز-يىگىتلەر ئارىسىدا ئاسان يۈز بېرىدىغان خاتالىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكىدەك رەتكە تۇرغۇزدى. ياش دوستۇم سىزمۇ دائىم مۇشۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزەمسىز؟

يىگىتلەر ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار: (1) قارشى تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش؛ (2) قارشى تەرەپنى ئىزچىل قوغلاشماسلىق؛ (3) قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ بولۇپلا، بىپەرۋا يۈرۈش؛ (4) قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببەتكە بولغان قارىشىنى چۈشەنمەسلىك؛ (5) ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەسلىك؛ (6) ھېسسىياتىنى ئىپادىلىمەي، يوشۇرۇپ يۈرۈش؛ (7) خاتىرە كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قېلىش؛ (8) ئۆزىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى رولىنى چۈشەنمەسلىك؛ (9) ئەتراپىدىكى ئىشلار ۋە تەسىراتلىرىنى سۆزلەشنى خالىماسلىق؛ (10) قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمەسلىك.

قىزلار ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار: (1) قارشى تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش؛ (2) قارشى تەرەپنىڭ تەكلىپ ۋە ئىلتىماسلىرىغا چۈشەنچە بەرمەيلا رەت قىلىۋېتىش؛ (3) ئويلىغانلىرىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە دىققەت قىلماسلىق؛ (4) قارشى تەرەپكە يېتەرلىك ئىلھام بەرمەسلىك؛ (5) قارشى تەرەپ خىزمەت ۋە ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەندە، خورلۇق ھېس قىلىش؛ (6) قارشى تەرەپتىن مۇشۇ مەزگىلدىكى ھېسسىياتىنى بېرىلىشنى ئۈمىد قىلىش؛ (7) ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئۇدۇللا دېمەستىن، ئەگىتىپ يۈرۈش؛ (8) قارشى تەرەپتىن تەلەپلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىچى پۇشۇش؛ (9) چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەندەك توققۇزى تەل گۈزەل نىكاھقا ئىنتىلىش؛ (10) قارشى تەرەپنىڭ نىيىتىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىش. (04)

(تۇرسۇنگۈل ـ ت)

# دۇنيادىكى 10 چوڭ

## ئىلىم - پەن مەركىزى

**1. يېڭى سىبىرىيە ئىلىم - پەن مەركىزى:** روسىيىنىڭ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بىرلەشمە پەن تەتقىقات بازىسى بولۇپ، بۇ يەرگە 20 نەچچە دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات ئورگىنى جايلاشقان. ھەر تۈرلۈك پەن تەتقىقات خادىملىرى 18 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادا ئادەم سانى ئەڭ كۆپ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئىلىم - پەن مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2. كارتون ئىلىم - پەن مەركىزى:** كانادا ئوتتاۋا شەھىرى مەركىزىنىڭ غەربىگىرەك جايلاشقان. 350 تىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك يۇقىرى پەن - تېخنىكا شىركىتى بار بولۇپ، مەخسۇس يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دېتال مەھسۇلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھازىر 25 مىڭدەك ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېرى بار.

**3. مېيۇنخېن ئىلىم - پەن مەركىزى:** گېرمانىيىنىڭ ئېلېكترون پەن تەتقىقات مەركىزى بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ئېلېكترون سانائىتى شىركىتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنياغا داڭلىق بولغان سىمېنس شىركىتىلا ئىشلەپچىقارغان ئېلېكترونلۇق سائەت، توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار دۇنيادا % 30 نى ئىگىلەيدۇ.

**4. تىمورنا ئىلىم - پەن مەركىزى:** ئىتالىيە رىم شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان شىركەت گۇرۇھى بولۇپ، دۇنيادىكى 62 دانە ئالاقىلىشىش سۈنئىي ھەمرانى ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە 74 دانە يەر يۈزى پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدىكى كۆپلىگەن يۇقىرى تېخنىكا تارماقلىرىغا تارقالغان.

**5. سېنق ئىلىم - پەن مەركىزى:** ئامېرىكا كالفورنىيە شتاتىدىكى سېنق ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كومپيۇتېر، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىدىغان 1000 دىن ئارتۇق كارخانا جايلاشقان. نۆۋەتتە بۇ مەركەز ئىشلەپچىقارغان توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق توك يولى مەھسۇلاتى، دۇنيادىكى بۇ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن % 25 نى ئىگىلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 440 مىليارد دوللارغا يەتكەن.

**6. شىستا ئىلىم - پەن مەركىزى:** شۋېتسىيىدىكى ستوكھولم شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى شىستا تېغى جىلغىسى رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، 7 كىلومېتىر دائىرە ئىچىگە مەملىكەتتىكى % 70 ئېلېكترون سانائىتى مەركەزلەشكەن.

**7. گرېنوبل ئىلىم - پەن مەركىزى:** ئۇنىڭغا فرانسىيىدە بار بولغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ئېلېكترون مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 8000 دىن ئارتۇق كارخانا جايلاشقان بولۇپ،فرانسىيىنىڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش مەركىزى ھەمدە كومپيۇتېر، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش بازىسى.

**8. شوتلاندىيە ئىلىم - پەن مەركىزى:** بۇ ئىلىم - پەن مەركىزىنىڭ دائىرىسى شەرقتىكى ئېدىنبورگدىن غەربتىكى گېلاسگوۋ چە بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك ئېلېكترون سانائىتى شىركىتى بار. ھازىر بۇ مەركەز ئەنگلىيىدە ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق توك يولىنىڭ % 80 نى، كومپيۇتېر ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن % 50 نى ئىشلەپچىقارماقتا.

**9. جۇپو ئىلىم - پەن مەركىزى:** بۇ يەردە ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى تەتقىقات ئورنى ۋە 46 ئۇنىۋېرسىتېت بار بولۇپ، ئۇنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئالىي تەتقىقاتچىلاردىنلا 2500 ى بار.

**10. سىنگاپور ئىلىم - پەن مەركىزى:** ھازىربۇ مەركەزدە 40 تىن ئارتۇق شىركەت، 10 مىڭدىن ئارتۇق تەتقىقاتچى خادىم بار بولۇپ، ئاساسەن بىئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى، مىكرو ئېلېكتىر ئىلمى، ماشىنا ئادەم قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. (010)

(ئابلىز يۇنۇس.ت)

## «باكتېرىيە خانىشى»

سادام ھۈسەيىننىڭ كۆيئوغلى ھەسەن چەت ئەلگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن مۇنداق بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغان: ئىراق 500 مىڭ لىتىرلىق ئىنسانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى كاردىن چىقىرىدىغان بوتۇلىن ئايلاقچە باكتېرىيىسى، 50 مىڭ لىتىرلىق ئىنسان بەدىنىدىكى ھۈجەيرىنى ئۆلتۈرەلەيدىغان كۆيدۈرگۈچى باكتېرىيە ۋە مۇشۇ باكتېرىيىلەر قوشۇلۇپ ياسالغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسىغان. ئەگەر بۇ خىمىيىلىك قوراللار ئىشلىتىلسە، نەچچە مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش مۇمكىنكەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئىنسانلارغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان مۇشۇنداق قورالنى تەتقىق قىلىپ ياسىغۇچى كىشى ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئايال ئىكەن. غەرب ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، باشقىلار تەرىپىدىن «باكتېرىيە خانىشى» دەپ ئاتالغان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى تاھا بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىدە بىئولوگىيە كەسپىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانىكەن. (07)

(رىزۋانگۈل. ت)

## «PTA» قۇرۇلمىسى...

ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ «PTA» «فىتالات كىسلاتاسى» قۇرۇلمىسى يېقىندا جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئەڭ ئالىي مۇكاپات ـــ «لۇبەن مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 75 مىڭ توننا بولغان بۇ زاۋۇت 1997 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەنلا باشقۇرۇشنى كۆچەيتىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى قاتتىق نازارەت قىلدى. سۈرئەتنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇشنى مۇددەتتىن 14 ئاي بۇرۇن تاماملاپ، سۈپەتنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتىنى % 95.5 كە يەتكۈزدى.

ئىگىلىنىشىچە، 1997 ـ يىل مەملىكەت بويىچە 90 دىن ئارتۇق قۇرۇلۇش بۇ مۇكاپاتنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بۇ زاۋۇتقا كېلىپ، «PTA» قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى ئېلىپ بارغان. (07)

(ئالىمجان. ت)

## 7 چوڭ نىشان

ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ھەر كۈنى 35 مىڭ بالا، ھەر يىلى 12 مىليون 500 مىڭ بالا ئوزۇقلىنىشى ناچار بولۇش ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى «بالىلار ئۈچۈن ئالدىن قىلىنىدىغان ئىشلار»نى ئاساسىي تېما قىلىپ، 2000 ـ يىلغىچە مۇنداق 7 چوڭ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى: 1. 5 ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى 1990 ـ يىلدىكىدىن % 60 ئازايتىش؛ 2. ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى % 50 ئازايتىش؛ 3. 5 ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولۇش ئەھۋالىنى % 50 ئازايتىش؛ 4. بارلىق بالىلارنى پاك سۇ ۋە داۋالىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەش، 5. بارلىق بالىلارنى باشلانغۇچ مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىش؛ 6. ساۋاتسىزلىق نىسبىتىنى % 50 ئازايتىش؛ 7. ناچار مۇھىتتىكى بالىلارنى قوغداش. (07)

(زىرۋانگۈل ت)

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ...

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆتكەن يىللىق كىشى بېشى ساپ كىرىمى 1500 يۈەنگە يېتىپ، 1996 ـ يىلدىكىدىن 210 يۈەن ئاشقان. 1997 ـ يىلىنىڭ 1 ـ پەسلىدە كۆممىقوناقنىڭ كۆپ مىقداردا بېسىلىپ قېلىشى، گۆش، كۆكتات باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى دېھقانلارنىڭ نەق پۇل كىرىمىنى % 8.1 تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكى «سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش» سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى تىزگىنلەنگەن. دېھقانلار كىرىمىنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، كۆكتات قاتارلىقلاردىن قىلغان كىشى بېشى كىرىمى 92.7 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 13.5 ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ % 72.3 نى ئىگىلىگەن، 3 ـ كەسىپتىن قىلغان كىرىمى 173 يۈەنگە يېتىپ، % 17.9 كۆپەيگەن. (07)

(ئىمام لەركىن. ت)

# قىزىلئۆڭگەچ راكىنى مەخسۇس داۋالايدىغان داڭلىق دوختۇر، شىپالىق دورا

**شەنشى جۇڭگوچە ۋە غەربىچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى**

شەنشى جۇڭگوچە ۋە غەربىچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش دوختۇرخانىسىنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ياڭ مۇدىر نەچچە 10 يىل كىلىنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى «ئۆسمىنى يوقىتىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش تابلېتكىسى» 1 – 2 - نومۇرلۇق ساپ جۇڭيى دورىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. نۇرغۇن بىمارلارنى سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ھازىر مەملىكىتىمىزدە مۇشۇ خىل دورىنى ئىشلىتىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەرنىڭ سانى 1000غا يېتىدۇ.

«ئۆسمىنى يوقىتىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش تابلېتكىسى»بىر يۈرۈش دورىسى قىزىلئۆڭگەچ راكى، بۇرۇن - يۇتقۇنچاق راكى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى راكى، ئاشقازان راكى، ئۈچەي راكى، كىكىرتەك راكى قاتارلىق ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى ئۆسمىنى داۋالاشتا ئېغىزدا ئېرىتىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. جىگەر راكى، ئۆپكە راكى، لىمفا راكى، ئاشقازان ئاستى بېزى راكى، مېڭە راكى، دوۋساق راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلار 2 - نومۇرلۇق دورىنى ئىچىپ بەرسە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايدىغان، رادىئوئاكتىپ نۇر بىلەن داۋالاش، خىمىيۋى داۋالاش ئېلىپ بارغان ھەمدە داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن كېسىلى قايتىدىن قوزغالغان بىمارلارمۇ بۇ خىل داۋالاشنى قوبۇل قىلسا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى ھەر كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىمارلارنىڭ مەسلىھەت سورىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. باشقا ئۆلكىلەردىكى بىمارلارمۇ تېلېفوندا ئالدىن مەسلىھەت سوراپ دورا سېتىۋېلىپ داۋالانسا بولىدۇ.

ئادرېس: شىئەن شەھىرى دۇڭمېنۋەي خۇجۇ يولى 7 - نومۇر، شەنشى جۇڭگوچە ۋە غەربىچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى.

پويىز ئىستانسىسىدىن قوش قەۋەتلىك 602 - يولغا ياكى 28 - يولغا ئولتۇرۇپ شىڭچىڭ يولىدا چۈشۈپ شەرىققە قاراپ 100 مېتىر ماڭسىڭىز يولنىڭ جەنۇبىدا.

地址: 西安市东门外互助路7号陕西中西医结合医院肿瘤科 火车站乘602双层, 28路兴庆路下车向东100米路南

邮编: 710048

电话: (029) 3282196, 9036432

联系人: 李思军

# تەگگە تەمرەتكىنى داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك دورا ـ چىشەن تەمرەتكە يوقىتىش كۈملىچى

تەگگە تەمرەتكىسى قاسراقلىق تەمرەتكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كلىنكلىق داۋالاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، پىنكرەك كېسەللەرنىڭ تېرىسىدە دۈگگە ئەسۋە، ئاق تەمرەتكە سويۇلۇپ چۈشۈش، قاتتىق قىچىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، ئېغىرراق بولغانلىرىدا بەدەن خاراكتېرلىك تېرە سويۇلۇش، يىرىڭداش، شەلۋەرەپ كېتىشتەك ئەھۋاللار ھەتتا ھەرىكەت ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ. دوختۇرخانىمىز 37 مىڭدىن ئارتۇق بىمارنى داۋالاش ئاساسىدا، ساپ، تەبىئىي بولغان جۇڭگىي دورىسى «چىشەن تەمرەتكە يوقىتىش كۈملىچى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ چىقىپ، تەگگە تەمرەتكىنى داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەزكۇر دورا بۆرەكنى كۈچلەندۈرۈش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ قېتىۋالغان قانلارنى پارچىلاش، تەمرەتكىنى يوقىتىشتەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تېرە تومۇرلىرىدىكى مىكرو قان ئايلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. تېرىدىكى ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئىچكى زەھەرنى يوقىتىپ، تەگگە تەمرەتكىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ دورا دۆلەتلىك سەھىيە ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەشپىيات پاتېنت نومۇرى 961003774 غا ئېرىشكەن.

1995 ـ يىلى «جۇڭگو ئەنئەنىۋى تېببىي دورىلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن؛ 1996 ـ يىلى دۆلەت پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «پەن- تېخنىكا ئۆتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسى بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. بۇ تاتلىق كۈملاچ تېپىدىكى دورا ھەر قېتىمدا 2 تالدىن، كۈنىگە 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. 10 يۈەن پىرېۋوت قىلسىڭىز تەپسىلىي ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ ئالالايسىز. مۇرەككەپ كېسەللەر دوختۇرخانىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

دوختۇرخانىمىزنىڭ تولۇق ئادرېسى:

● 临猗县银屑病研究所所长， 中医银屑病专家：荆夏敏

● 函诊部主任：谷淑梅

● 地址：中国山西省临猗县南环路47号

● 电话：0359 — 4022900 4024421 4029066 4029123

● 传 真：0359 — 4024420

● 邮编：044100

● 太原专家门诊部地址：佳地花园沁苑楼101号

● 邮编：030006

● 联系人：谷淑慧 主治医师：郭颖珍

● 电话：0351 — 7051798手机：01393412902

● 西安专家门诊部地址：土门丰稿西路29号

● 邮编： 710077

● 联系人：姚建华 主治医师：刘文贞

● 电话：029 — 4244218 4237115

● 手机：139 — 9288831



# ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېما دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتەيلى

★ ھەسەنجان ياسىن ★

ھەممىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، مەيلى ۋەقەلەرنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان ھېكايە، پوۋېست، رومان بولسۇن، مەيلى سەھنە ياكى كىنو ئەسەرلىرى بولسۇن، مەيلى لىرىك ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان شېئىرى ئەسەرلەر بولسۇن، مەيلى ئاجايىپ ۋەقە ياكى ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەيدىغان رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەكلەر بولسۇن ۋە ياكى مەنزىرە سۈرەتلىگەن تەبىئەت تەسۋىرلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى يازغۇچى- سەنئەتكارلارنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

يېقىنقى 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات- سەنئەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، كۈچلۈك دەۋر روھىغا باي ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، ئىجتىمائىي مەنىۋى ھاياتىمىزدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. يېڭى ئۇسلۇب، يېڭى شەكىل يارىتىشتەك ئاساسىي خاھىش ۋە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۇردى. بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى تېز، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە نەتىجىلەرمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، رېئال تۇرمۇشنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»، «ئارچا ياپرىقى» ناملىق رومان، پوۋېستلىرى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ»، «تۈندىكى چاقماق» رومانلىرى، قاھار جېلىلنىڭ «قىساس» رومانى، تۇردى سامساقنىڭ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانى، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «يىغلىما قىز» قاتارلىق پوۋېستلىرى، بۇ جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىيەت ۋە باشقا ساھەلەردىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كېلىپ، تىلى

ئىخچام، ئاھاڭدارلىققا ۋە لىرىكىلىققا ئىگە، رېئال تۇرمۇش ۋە ھېس تۇيغۇنى مەركەزلىك ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىرى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. قىسقىسى، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە باشقا دەۋرلەرگە قارىغاندا گۈللىنىش تېز، ئەدىپلىرىمىزنىڭ كەسپى ساپاسى يۇقىرى، ئىزدىنىشى جاپالىق، رەڭدار تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشى ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

يۇقىرىقىدەك مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۇتۇقلار ئەدەبىيات- سەنئىتىمىزدىكى كۆپلىگەن بوشلۇقلارنى تولدۇرغان بولسىمۇ تېما تاللاش جەھەتتە ئىجادىيەت پەقەت بىر خىل قېلىپتا، بىر خىل يۆنىلىشتە راۋاجلاندى. كىتابخانلار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، يېزا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى ۋە ھەر ساھەدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشنىئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولغاچقا بۇلاردىن ئالدىغان مەنىۋى بوشلۇق شۇ پېتى ساقلىنىۋەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈزەتمەسلىك، ئۆزىمىزنىڭ تارىخنى ئۇنتۇپ قېلىش، كونا قېلىپتىن چىقالماسلىقتەك كۆزقاراش ۋە ئىدىيىۋى خاھىشلار ئۆزگەرمەي ساقلانغان بىر خىل ئەندىزە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇڭلاشقا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە مۇھەببەت تېمىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى ھەر خىل، رېئال تۇرمۇشنى ھەقىقي تۈردە ئىپادىلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلايلى، خەلقنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتەيلى، خەلق ئاممىسى مانا مۇشۇنداق تىپ تاللانغان، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، رەڭدار ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرگە موھتاج. (04)

(قادىل ئىسمائىل فوتوسى)

## كۆڭلۈم بولىقىدىن ئاھچىلار

مۇھەممەت تەشنائى

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن بىرگە شېرىن سۆھبەتلەردە بولغان، زىلال سۇلار ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئېرىق بويىغا كەلدىم، ئەپسۇس، سۈپسۈزۈك سۇلار بىز بىرگە سەيلى قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش يېقىملىق كۈيدە ئويناقشىپ ئاقماستىن، خۇددى مېنىڭ چاڭقاق، خىيالچان كۆڭلۈمگە تەڭكەش بولغاندەك تولىمۇ مىسكىن ئېقىۋاتىدۇ.

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن بىرگە كېپىنەك قوغلاپ، رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدىن مەستخۇش بولغان، ھېلىقى تونۇش گۈلزارلىق قوينىغا شۇڭغۇدۇم. ئەسلى بۇ جايدىن سېنىڭ تىنىقىڭنى، جانغا ئارام بېغىشلىغۇچى يېقىملىق ئاۋازىڭنى، بۇلبۇللارنى خىجالەت قىلىدىغان تاتلىق كۈلكەڭنى تاپماقچى ئىدىم. ئەپسۇس، بۈگۈن گەرچە گۈللەر شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق سەزمىگەندەك قىلدىم.

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن بىرگە تاماق يېگەن ھېلىقى دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا كىردىم، ئاشۇ ئاخىرقى قېتىم ئىككىمىز كۈلۈشۈپ، ئەركىلىشىپ ئولتۇرۇپ يېگەن پېتىرمانتىنىڭ تەمى ئېغىزىمدا ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ. يەنىلا ئاشۇ سېمىز كۆتكۈچى ئايال، ئاشۇ پېتىرمانتا، ئاشۇ بۇلۇڭدىكى تاماق شىرەسى... ھەممىسى ئۆزگەرمىگەن. لېكىن تاماق ئېغىزىمغا زادىلا تېتىمىدى، چايدىن ئىككى ئوتلاپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم...

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن بىرگە بولغان، ئىككىمىزنىڭ ئىزى چۈشكەن تالاي يەرلەرگە باردىم. مىڭ ئەپسۇس. ئاشۇ سۆيۈملۈك، مۇقەددەس جايلار، ئۇ يەردىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ئېقىۋاتقان سۇ، ھېلىقى يول، سىرداش دوستلار ھەممىسى سەن بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكىدەك سۆيۈملۈك بىلىنمىدى؛ يۈرىكىم سەن بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكىدەك ئوتلۇق تەلپۈنۈپ ئويناپ سوقمىدى.

ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، سەن مېنىڭ يۈرىكىمنىلا ئەمەس، ھەممىنى ئېلىپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ؟... (08)

## يەر شارىنىڭ ئالەمدىكى ئورنى

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر يەر شارىنى ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. 1534 - يىلىغا كەلگەندە، كوپېرنىك «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا»نى ئېلان قىلىپ، «قۇياش مەركەز» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خاتا قاراش پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلدى. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەردە ئالەم - چەكسىز، بىپايان، زور، ئۇنىڭدا ھەرگىزمۇ مەركەزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان يېڭى كۆز قاراش بارلىققا كەلدى. قۇياش- قۇياش سىستېمىسىنىڭلا مەركىزى، قۇياش سىستېمىسى°سامان يولى سىستېمىسىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. سامان يولى سىستېمىسى تەخمىنەن بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 70 مىڭ نۇر يىلىغا (بىر نۇر يىلى نۇرنىڭ 1 يىل ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن ئارىلىقىغا تەخمىنەن 94 تىرىلليون 605 مىليارد كىلومېتىرغا باراۋەر) سامان يولى سىستېمىسى غايەت زور ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ «ئالەم دېڭىزى»دىكى بىر كىچىك ئارالدىنلا ئىبارەت. ئالىملار سامان يولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا سامان يولى سىستېمىسىغا ئوخشايدىغان 1 مىلياردتىن ئارتۇق ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرىنىبايقىدى. (بۇ «سامان يولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى» ياكى «يۇلتۇزلار سىستېمىسى»دەپ ئاتىلىدۇ.) ھازىر ئىنسانلار كۆزەتكەن بارلىق يۇلتۇزلار سىستېمىسى بەلكىم بىر غايەت زور ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ سىستېما پۈتكۈل ئالەم ئەمەس، يەر شارى سامان يولى سىستېمىسىنىڭ قۇياش سىستېمىسىدىكى بىر ئادەتتىكى پلانېتىدىنلا ئىبارەت. يەر شارى قۇياش سىستېمىسىدا ئىللىپىس شەكىللىك ئوربىتىنى بويلاپ، قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.قۇياش ئىللىپىس شەكىللىك ئوربىتىنىڭ فوكۇس نۇقتىسىغا جايلاشقان. ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە، يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 147 مىليون 100 مىڭ كىلومېتىر بولىدۇ. يەر شارىنىڭ بۇ ئورنى «قۇياشقا يېقىن نۇقتا» دېيىلىدۇ. ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ئەڭ يىراق ئارىلىقى 152 مىليون 100 مىڭ كىلومېتىر بولىدۇ. يەر شارىنىڭ بۇ ئورنى «قۇياشقا يىراق نۇقتا» دېيىلىدۇ. قۇياش ئۇيېقىنىڭ نوتتۇرىچە ئارىلىقى تەخمىنەن 149 مىليون 600 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، بۇ سان «بىرئاسترونومىيە بىرلىكى» دەپ بېكىتىلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئالەمنى بىلىشى يېقىندىن يىراققا، قەدەممۇ قەدەم كېڭىيىش، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش بويىچە بولۇپ كەلدى. ئالدى بىلەن يەر شارىنى بىلىشتىن باشلاپ، ئاندىن قۇياش سىستېمىسىغا قاراپ كېڭىيىپ، بۇنىڭدىن يەنە ئىلگىرىلەپ، سامان يولى سىستېمىسىغا ۋە يېقىندىكى سامان يولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا، ئاخىرىدا ھازىرقى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئۆلچىيەلەيدىغان ئەڭ زور چەككە قەدەر 1 مىلياردتىن ئارتۇق يۇلتۇز سىستېمىسىغا، 20 مىليارد يورۇقلۇق يىلى ئارىلىقىغىچە كېڭىيىپ بارالايدۇ. يەر شارى ئالەمدە يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇ ئالەمدىكى باشقا پلانېتلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. (05)

(مورتىزا ۋايىس. ت)

# روناق تېپىۋاتقان ئۈرۈمچى چالغۇ ئەسۋابلىرى سانائەت - سودا شىركىتى

ئۈرۈمچى چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى 1958 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ زاۋۇت قۇرۇلغىنىغا بۈگۈن توپ - توغرا 40 يىل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زاۋۇت «ئىتتىپاق چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىپ ئارانلا 20 نەپەرچە ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئۇزۇن يىللىق مۇشەققەتلىك ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق بۇ زاۋۇت يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا يۈزلىنىپ، مەھسۇلات تۈرى ئازلىقتىن كۆپلۈككە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، كۆركەم، نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئالىي ۋە ئالاھىدە دەرىجىلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغان زامانىۋى ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلمىسىغا ئىگە كارخانىغا ئايلاندى.

شىنجاڭنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قېرىنداش مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ چالغۇ ئەسۋابلار ئېلىمىزنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇش ۋە ئۆرنەك بولۇش بىلەن بىرگە، ئالبۇرۇنلا دۇنيا مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولغان.

20 يىللىق ئىسلاھات، تەرەققىيات مابەينىدە بۇ زاۋۇت 1989 - يىلى «ئۈرۈمچى چالغۇ ئەسۋابلىرى سانائەت- سودا شىركىتى» بولۇپ قۇرۇلۇش بىلەن بىرگە چەت ئەل بىلەن شېرىكلىشىپ قازاقىستاندا ئالمائاتا «ئالىم- تېبىك» ھەسسىدارلىق شىركىتىنى، ئۆزبېكىستاندا «ئۇزات» ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، مىللىي چالغۇ ئىشلەپ چىقىرىش، سېتىش دائىرىسىنى چەت ئەلگە كېڭەيتتى. دۆلەت ھالقىغان تىجارەت تۈرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغى تويلاش، مەبلەغ جەلپ قىلىشى جەھەتتە زور نەتىجە ياراتتى.

40 يىللىق تەرەققىيات مابەينىدە بۇ زاۋۇت ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، بازارغا يۈزلىنىپ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت چالغۇ- ئەسۋابلىرىدىن 104 خىلنى ئىشلەپ چىقىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تەنتەربىيە بۇيۇملىرىدىن بىليارت، كالاڭچۇر، شاھمات، مەدەنىي بۇيۇملاردىن دوسكا، خەرىتە سىزىش تاختىسى، ھەر خىل مۇكاپات بۇيۇملىرى، ئۆي جاھازىلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى. مەملىكىتىمىزدىكى قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە - ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە سېتىشتىن باشقا، ياۋروپاچە چالغۇ ئەسۋابلار ۋە ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى تىجارىتى بىلەنمۇ كەڭ تۈردە شۇغۇللاندى. مىللىيچە، ياۋروپاچە ھەر خىل مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش كەسىپنى يولغا قويۇپ ئىچكى ۋە تاشقى بازارلاردا ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى تەۋەككۇل ئابدۇللا (ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇقۇمۇشلۇق ھۈنەر - سەنئەت كەسپىي ئۇستىلىرىدىن ئىدى) كارخانا باشقۇرۇشتا ئۆزىگە خاس ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن كارخانا باشقۇرۇپ، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر بىلەن ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ، كارخانا تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا ئۈرۈمچى مۇزىكا ئەسۋابلىرى سانائەت - سودا شىركىتى مەملىكىتىمىزنىڭ سەنئەت گۈلزارىدا تېخىمۇ خۇشپۇراق چېچەك قۇدرەت تاپقۇسى! (06)

# غەلىتە «گۇناھ»

(ھېكايە)

مەھەممەتىبراھىم تۇرسۇن

» ئۇنىڭ تەلۋىلىكى شۇ، مانا ئۆزىمۇ يوق. مېنى ئەخلەتنى تاشلاپ كەتكەندەكلا تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئاھ، ئەمدى بېشىمغا نېمە كۈنلەر چۈشەر؟...»

تۇغۇت بۆلۈمىدە ھېلىلا يەڭگىگەن گۈلباھار، تۇيۇقسىز ئۆزىنى شۇنچە يالغۇز ھېس قىلدى. ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. يېنىدا ياتقان بوۋىقى گويا ئۇنىڭغا بارلىق ئەقىدىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، بوۋاققا ھەسرەت بىلەن قارىدى. يۈرىكىنىڭ قات- قېتىدىن ئانىلىق مېھرى گويا كەلكۈندەك ئۇلغۇيۇپ ئىچى سىيرىلغاندەك بىردىنلا ئۇھ تارتتى. بۆگەكتىكى بوۋاق گويا «مېنىڭ دادام قېنى» دەۋاتقاندەك «ئىڭگە- ئىڭگە» لەپ تىپچەكلەيتتى.

بوۋىقىنى پەپىلەۋاتقان گۈلباھارنىڭ ئىلگىرىكى ئاناردەك قىزىل 2 مەڭزى ھازىر سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەن،چاقناپ تۇرىدىغان بولاقتەك كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئىسسىق ياشلىرى چىرايلىق يۈزىنى بويلاپ سىرغىپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ دېرىزىگە كۆز تىككەن ھالدا ئۆزىنى قىيناۋاتقان خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى.

* *

گۈلباھار سىزىكتىن بېشىلمەستىنلا ياسىن ئوغۇل پەرزەنتنىڭ گېپىنى قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ھەتتا دۇنيادا ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشتىن باشقا ھېچقانداق تىلىكى يوقتەك توختىماي سۆزلەيتتى. گۈلباھارنىڭ قورسىقى يوغىناشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇ گەپ يەنە كۆپەيدى. بىر كۈنى گۈلباھار كۈلۈپ تۇرۇپ ئېرىدىن سورىدى:

- سىلى ئوغۇل بالىغا نېمانچە ئامراق؟

- ئوغۇل بالا دېگەن گۆھەر، - دېدى ياسىن ھاياجانلانغان ھەم مەغرۇرلانغان ھالدا. — ئوغۇل دېسە پۈتۈن جاھان خۇش بولىدۇ، قىز بالا دېسە كۆلۈك خۇش بولىدۇ، شۇ.

گۈلباھار خېلى ساۋاتى بار دەپ تونۇيدىغان ئېرىنىڭ قىز بالىنى بۇنچە مەنسىتمەسلىكىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى. قېنى قىزىپ ئېرى بىلەن مۇنازىرىلەشكۈسى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. چۈنكى ئېرى ئادەتتە



كـۆڭلى يۇمشاق خۇش چاقچاقتەك تۇرغىنى بىـلـەن تەلۋىلىكى تۇتسا كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. بىر ئىشتىن رەنجىپ قالسا ياكى بىرەر گەپتىن قېيداپ قالسا بوينىنىڭ يۇمشىمىقى تەس ئىدى.

ياسىن يۈگۈگەن تاماكىسغا ئاچچىقى بىلەن سـەرەڭگە يېقىپ قاتتىق بىر شورۇۋالغاندىن كېيىن دىمىغىدا كۈلۈپ:

ــ ئوغۇل بالىچۇ، دادىسىنىڭ پۇت ـ قولى، دادىغا ئەسقاتىدىغىنى ئوغۇل، ئوغۇل بولمىسا بىكار...

ئۇنىڭ تەلۋىلىك بىلەن «ئوغۇل ـ ئوغۇل» دېـيـىشـىگە قاراپ «مۇبادا قىز تۇغۇلۇپ قالسا قانداق قىلارمەن؟» دېگەن خىيال گۈلباھارنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قىز بالىنىڭ تەرپىنى قىلدى.

ۋىيەي، ئوغۇل ـ ئوغۇل دەيلا، قىز بالىمۇ ئالتۇن، كىم قىز بالىنى تاشلىۋېتىپتۇ، سىلىدەك ئـەركەكلەرنىمۇ خوتۇن كىشى تۇغقانغۇ، قىز بالا دېگەن ئۆيىنىڭ گۈلى ـ زىنىنىتى، بىلىپ قويسىلا!

ــ قوي ئۇ گەپىڭنى، قىز بالا دېگەن ھەرقانچە بـاقـقـىـنىڭ بىلەنمۇ ھامان خەقنىڭ بالىسى، خەقنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ. قىز بالا دېگەن نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟

ــ نېمە دېگەنلىرى ئۇ، قىز بالىمۇ چوڭ بولسا ھەر ـ ھەر ئىشلارنى قىلالايدۇ.

ــ زادى قـىـز بـالـىـنىڭ خۇشلىقىدىن خـاپىلىقى كۆپ. مەن بەزى كىشىلەرنىڭ قىز بالا تۇغىلىق خاپىلىق تارتىۋاتقانلىقىنى تازا ئوبدان بىلىمەن. قىز بالا دېگەن بالا ئەمەس، ــ بالا!

ــ تىۋۋا دېسىلە ،قىز بالىمۇ بالا . قىز بالا دېگەن بەك مېھرىبان، ئاغرىپ ـ تارتىپ قالساق باقىدۇ، ئاش ـ تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇشتىنمۇ غەم قىلمايمىز. ماڭا خۇدايىم ئوغۇل بېرەمدۇ، قىز بېرەمدۇ ھەممىسى ئوخشاش.

ــ ماڭا تولا دەرس ئۆتمەن، دېمە.

«قـىـز چـوڭ بولسا گەپ تولا، ئوغۇل چـوڭ بـولسا نەپ» دېگەن گەپ بار. بۇ جاھاندا كىممۇ نەپ ئېلىشنى كۆزلىمەيدۇ ئەخمەق؟

گـۈلباھار ئاللىقانداق خىياللار ئىلكىدە ئېـرىـنـىـڭ ئـاچچىقلىنىشتىن چەكچىيىپ كـەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئـۇ زورىـغا كۈلۈمسىرەپ رەسمىي سىناش نەزەرى بىلەن:

ــ قىزمۇ ئوغۇلمۇ، قورساقتا نېمە بولسا شۇنى تۇغىدىغان گەپ. قىز تۇغۇپ قالسام قـانداق قىلماقچى سىلە؟ ــ دەپ سوراپ باقتى.

ــ مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي،ـــ دېدى يـاسىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ــ ئوغۇل تـۇغـسـاڭ بەختىڭ، ئەگەر قىز تۇغىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭ باقسەن، خېتىڭنى بېرىمەن، گەپ شۇ!

گۈلباھارنىڭ ئاپتاپتەك چىرايى بىردىنلا قـارىداپ كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالدى. تېـخى قورساقتىكى تۇغۇلمىغان بالا ئۇنى ھە دېگەندىلا ئازابلىق خىياللارغا مەھكۇم قىلىۋاتاتتى.

پەرۋاسىزلىق بىلەن پۈۋقۈرتۈپ تاماكا چېـكـىـپ ئولتۇرغان ئېرى شۇ پەيتتە ئـۇنـىـڭـغا ناھايىتى يات ۋە ناتونۇش كـىـشـىـدەك تـۇيـۇلدى. ئۇ كۆڭۈللۈك ئـۆتكـەن 2 يىللىق ئائىلە تۇرمۇشىنى ئويلىغانسېرى ئاچچىق ئەلەمدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئىسسىق يـاشلـىـرى يېپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتتەك كۆز چاناقلىرىدىن قۇيۇلاتتى.

– خاپا بولما چىرايلىقىم، – دېدى ياسىن يەنە بىر تال تاماكا چېكىپ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، – مەن سەل قوپاللىق قىلدىم. كۆڭلۈڭگە ئالما، – ئۇ بىر قولىنى گۈلباھارنىڭ مۈرىسىگە ئالدى.

– ئەسكى، تەلۋە، كېيىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ بولۇپ ئەمدى، – گۈلباھار ئۇنىڭ قولىنى ئاچچىقى بىلەن سىلكىشلەپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

بولدى يىغلىما،سەن چوقۇم ئوغۇل تۇغىسەن، ئاچامغا گۈلباھار نېمە تۇغار، تەلەي سىناپ باق دېسەم: «ئايالىڭ ياداپ قاپتۇ، چىرايىغا داغ چۈشكەندەك كۆرۈنىدۇ، بۇ ئوغۇلدىن بىشارەت. تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوبدان باققىن، بۇ سېنىڭ بەخت - تەلىيىڭ دېدى.

– نېمە تۇغۇلىدىغانلىقىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، – دېدى گۈلباھار مەيۈسلۈك بىلەن – يا شەھەردىكى چوڭراق دوختۇرخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ باقمىدۇق. ئامان بولايلى، بولسا سىلى ئارزۇ قىلغاندەك ئوغۇل بولۇپمۇ قالار.

– ئوغۇل تۇغساڭ، – دېدى ياسىن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ، – بەلەن باقىمەن. ھەرقانچە قەرزدار بولۇپ كەتسەممۇ قوي ئۆلتۈرۈپ تېرىگە ئالىمەن، تۇغۇت تويۇڭنى كاتتا قىلىپ بېرىمەن، ئېسىل كىيىملىك، ئالتۇن جابدۇق ئالىمەن، نېمە دېسەڭ شۇ...

* *

«رەمچى سالىدۇ رەمنى، كۆڭۈلگە سالىدۇ غەمنى» دەپ گۈلباھارنىڭ كاللىسىدا تۈگمەن تېشىدەك بىر غەم چۆرگىلەيتتى، مانا تۇغۇت بولۇمىدە ئۇنى ئاخىرقى قاتتىق تولغاقمۇ تۇتتى،تۇنجى تۇغۇتنىڭ ئاچچىق تولغىقى ئۇنى قىيىنىماقتا ئىدى. ئۇ ھەرقانچە قىينالسىمۇ كۆڭلىدىكى «ئوغۇل بالا» دېگەن ئۈمىدلىك خىيال، ئازابلىرىغا مەلھەم بولغاندەك ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. مانا ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى يورىدى. ئۇ دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن «ئوغۇل» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. كۈتمىگەندە بالا قىز تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. كۆز ئالدى تۇمان باسقاندەك قاراڭغۇلاشتى. ئىسسىق ياشلىرى تارام - تارام سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

«ئاھ، مەن نېمدېگەن شور پېشانە-ھە؟ ئېرىم راستىنلا شۇنداق قىلارمۇ؟... ياق، ياق، ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغاندۇ بەلكىم، قىزىمغا تۇغۇت ئانىسى بولغان دوختۇر خانىم ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ياسىنغا خەۋەر بەرگەندەك قىلىۋېدى. قېنى ئۇ، كىرىپمۇ قويمىدىغۇ؟! ئاھ، ئانام ئەجەپ بىر چاغدا ئاغرىپ يېتىپ قالدىڭ. قىز تۇغقىنىم گۇناھمۇ؟ ئۇ شۇنچىلىك تەلۋە، شۇنچىلىك نادان، قارا كۆڭۈلمىدۇ؟ ئۇ راستىنلا مېنى تاشلاپ كەتكەندىمۇ؟ ئاھ...» ئۇ يۇم - يۇم يىغلىماقتا.

ئۇ راستىنلا قىز تۇغۇپ قويغىنى ئۈچۈن كەچۈرگۈسىز «گۇناھ» ئۆتكۈزگەندىمۇ؟ ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە تەلۋە ئېرى ياسىننىڭ


تەھرىرى: 08
(ئۈركەش ئىبراھىم)

سەت قاپاق تۈرۈشى قولىنى شىلتىپ: «خېتىڭنى ئال!» دەپ ۋارقىرىشى ۋە مۈز يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈنۈۋاتقاندەك بولدى.

## كىمدۇ ئۇ جاۋابنى بىللە تېپىشقان؟

**ئا. دولانى**

كىملەرنى كۈلدۈرۈپ، كىمنى يىغلاتتىم؟
كىملەرگە قالدۇردۇم ياخشى ئەسلىمە؟!
كىملەرگە ئالدىراپ كىمنى ساقلاتتىم؟
كىملەرگە ساقلىدىم سەۋەبى نېمە؟

** ** **

كىمدۇ ئۇ مەن بىلەن تۇلپار مىنگىشىپ،
داۋانلار ئاتلاشقا ۋەدە قىلىشقان؟!
كىمدۇ ئۇ ئارقامدىن قوللار چېنىشىپ،
كۆزنگە قارىسام يەرگە بېقىشقان؟!
كىمدۇ ئۇ تېرىسام ئېتىزىمغا دان،
بىخ سۈرە - سۈرمەيلا دەرھال يۇلۇشقان؟
كىمدۇ ئۇ ياش تۆكسەم يېشىنى تۆكۈپ،
يىپىشقاق ئازابقا ھەمدەم بولۇشقان؟
كىمدۇ ئۇ چۈش كۆرسەم چۈشۈمدىن چىقماس،
قەھرىتان چۆلۈمگە گۈلخان يېقىشقان؟،
كىمدۇ ئۇ نىگاھى پەرىلەرگە خاس،
قۇياشتەك كۈلۈشۈپ نازلىق بېقىشقان؟!
كىمدۇ ئۇ تاقەتنىڭ ئاستىدا قالسام،
قولۇمنى قولىدا مەھكەم قىسىشقان؟
كىمدۇ ئۇ تۈنلەردە ئەقلىمدىن ئازسام،
تاڭلارنىڭ كۆيىنى سوۋغا قىلىشقان؟!
سوئاللار جېنىمغا تىغ بولۇپ پاتسا،
كىمدۇ ئۇ جاۋابنى بىللە تېپىشقان؟!

## قېرىپ كېتىش

**تۇرغۇنجان تۇرسۇن**

شۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتەك ئۇزاردى ساقال،
ۋە داغسىز دىلىڭدەك كەتتى ئاقىرىپ.
تۇمەن ياش قېرىدىم مىنۇت ئىچىدە،
ھەممە قىز مېنىڭدىن كەتتى ياشىرىپ.

چۆمۈلگۈم كېلىدۇ كۆزۈڭگە، ئەمما
مەن سەندىن بەش ئەمەس، يۈز بەش ياش قېرى.
ھەممىدىن ياش قىز سەن قىزلار ئېلىدە،
ياشىرىپ بارسەن كۈن ئۆتكەنسېرى.

بوۋامنىڭ بوۋىسى ياشتۇر مېنىڭدىن ،
ئۇنىڭمۇ بوۋىسى يۈرەر كۆك كېزىپ.
مەن ئىككى مۆچەلنى تولدۇرماي تۇرۇپ،
قىز قورغان ئەلدىمۇ يۈرىمەن ئېزىپ.

قېرىدىم شۇ قەدەر، يەنە شۇ قەدەر،
ياش قىزغا تۇرىمەن دائىم پۈتلىشىپ.
قوغلىشىپ يۈرگىچە سېنى ئامرىقىم،
ئۇچسامچۇ بوۋامغا كۆكتە ياندىشىپ.



## ... غا

**باتۇر روزى**

كۆز- كۆزلەردە ياندى بىر نەپەس،
لەڭ ئۇرماقتا قېنىمدا ھەۋەس.
قايتىپ كەلدىم ئۆزۈمگە يەنە،
ئۆتكەن كۈنلەر يوقال، بولدى، بەس!

نىچۈن بىزنى تۇرىدۇ ئايرىپ،
«ئۆي» ئاتالغان شېرىن دوزاقلار؟
پۇرسەت چاقماق، چېقىلسۇن تاملار،
يېقىن بولسۇن بىزگە ئۇزاقلار.

نازاكەتكە تويۇنغان بارلىق،
سەزدىم سېنى پەرىشتە سۈپەت.
«ئانا بولدۇم» دېيەلىنۇ، ئەمما
ۋۇجۇدۇڭدىن بالقىيدۇ ئىپپەت.

كۆڭۈللەرنىڭ چېكىگە قەدەر،
قول ئېلىشىپ بارايلى ھامان.
تىنىقلاردا پارتلىسۇن دەملەر،
سۆيگۈمىزدە ئېرىسۇن زامان!

## كونا ئالبوم

**خاسىيەت ئىمىن**

«توپا باسقان كونا ئالبومدا»
ئولتۇرىدۇ مەيۇس مۆكۈنىپ،
پىنھاندىكى ئۇنتۇلغان ئالەم.
يۈرەك تەڭلەپ كەلمەكتە ئەنە،
ئىسسىقىنە ئەسلىمىلەرنى
ئۇزاتقانچە ناتونۇش ئادەم.
شوئان ئېچىرقىغان روھىمنى بەزلەپ،
يىراقلاشتىم
ئاستا - ئاستىلا
ماڭا تەۋە سوغۇق قەلبىمدىن.
ئارقىدىنلا
ماڭا ئەگىشىپ
يۈرەك چىكىپ ئولتۇرغان موماي،
تاشلاپ قويۇپ
جۇپ - جۇپ يۈرەكنى
چىقىپ كەتتى
كونا ئالبومدىن...



## كىرورەن گۈزەلگە

جەلىل خەلىل

1

كۆزلىرىڭدە
كەلگۈن كەبى داۋالغۇر ئىسىم
كىرپىكلىرىڭ باراقسان توغراق
ئۇۋۇچلارنى ئالغان يوشۇرۇپ...

2

قەدىمدىن قەدىم
ئۇچراتقاندىم سېنى چۈشۈمدە،
ئېلىپ قالغان ئىدىڭ يىغامنى.
ئايلىنىپ بىر گۈزەل كېچىگە.
قەدىمدىن قەدىم
سەرسان كۆل ئىدىم سېنىڭ ئۆلكىڭدە
خۇشپۇرىقىم قالغان كۆزۈڭدە.

3

ئاچ ئىچىڭنى،
قانداق يوللار باركىن ماڭمىغان
تا بۈگۈنگىچە،
يا پاتارمەن قۇملۇققا كارۋان بېشى يوق.
يا چۆكەرمەن دېڭىزغا يەلكەنلەر تۆشۈك
بىر تەۋەككۈل قىلاي سەپەرگە
مىليون يىللىق سېغىنىش بىلەن
چاقىرىمەن قەدىمدىن سېنى
چاقىرىسەن ھازىردىن مېنى...



تەھرىرى: 06
(ئەسقەر داۋۇت)

## سەنسىز دۇنيا مەن ئۈچۈن دوزاخ

تۇرغۇن پەيزۇللا

مۇھەببەتنىڭ گۈلخانلىرىدا،
يالقۇنلىنىپ كۆيىمەن گۈر - گۈر.
سېغىنىشتىن ياندۇ قەلبىم،
يۈرىكىمدە سۆيگۈدىن مۆھۈر.

مۇھەببەتنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ؟
ياق، ياق، ياق، تۈمەنمىڭ ياق، ياق...
ئەشەن ماڭا، ئىشەن سۆزۈمگە،
سەنسىز دۇنيا مەن ئۈچۈن دوزاخ.



دەرد تارتىمەن دېمەيمەن ھەرگىز،
سېنى دەپ مىڭ يىل زىنداندا ياتسام.
سەن قەلبىمنى چۈشەنسەڭ بولدى،
كۆڭلۈم شۇ چاغ تاپىدۇ ئارام.

## ۋاپاسىزغا

ئابدۇرېھىم مەنسۇرى

بۇ دۇنياغا مەن پەقەت دەرد چەكمەك ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ؟
ئىشقىنىڭ خۇن قەرزىگە ھەم شۇنچىلا بوغۇلغانمۇ؟
مەن ئۈچۈن ۋەسلىڭگە يەتمەك شۇنچە تەسكەن ئاڭلىسام،
ئاللا سېنىڭ زۇۋۇلاڭنى ھەممىدىن چوڭ يۇغۇرغانمۇ؟

ئەيلىسەم قەلبىمنى ئىزھار، بىلمەسكە سالدىڭ نەچچە رەت،
ئارزۇيۇم قالدى ئۈمىدسىز، ياندىم قېشىڭدىن دەككە يەپ.
بولغۇنۇپ نامىڭ ياماندىن چۈشكەن ئىكەن باشىڭغا كۈن،
ھېچ قىزارماستىن سەن يەنە چىللايسەن كۈندە بىر كەل دەپ.

سېنىڭدەك زارى - زار يىغلاپ قېشىمغا نەچچە يار كەلدى،
سېنىڭدىن ئۆزگىنى سۆيسەم دېدى، كۆڭلۈمگە ھار كەلدى.
نىگارىم ئىشقىدا گويا غازاڭدەك سارغىيىپ مەنمۇ،
دېدىم ۋىجداننى ساتمايمەن، زېمىن ئۇلارغا تار كەلدى.

ئەيلىدىم قەلبىمنى ئىزھار، كۆڭلى سۇيۇق، ئەي كۆڭلى پەس
سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلسەڭ جانانغا يەتمەك شۇنچە تەس.
بولدى قوي شېرىن سۆزۈڭنى، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئاقلىما،
خالىماس كۆڭلۈم سېنى تارت - كۆتۈر پىشكىنى، بولدى بەس!




بىر پارچە رەسىم (دانىيە) پىرستۇروف



# ئالتاي مەنزىرلىرىدىن تاللانما

(ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى)









گۈزەل سەنئەت تەھرىرى:

ئىسمائىل ئىبراھىم



گۈزەل تاغلار ۋە باغلار




پوچتا نومۇرى: 830002

باھاسى: 2.35 يۈەن

خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002 — 9109

دۆلەتلىك نومۇرى: CN65 — 1029/C

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 00502166


**قەدەم تەش - رىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق. يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدە

**تېلېفون بېرىڭ**

باش مۇھەررىر: 2818446

ئۇيغۇر بۆلۈمى (1) 2817081

ئۇيغۇر بۆلۈمى (2) 2825064

رەسساملار بۆلۈمى: 2816109

خەنزۇ بۆلۈمى: 2817079

مەمۇرىي بۆلۈم: 2818445

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىزنى كونۋېرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا 360 كۈننىڭ ھەممىسىدە مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.